بسم الله الرحمن الرحيم
واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## 中国穆斯林

## المسلم الصيني



3
2005

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com



ئىسمائىل تىلىۋالدى، جاپپار ھەببۇللا، شاۋكەت ئىمىن قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلار بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.



ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلاردىن ئىمتىھان ئېلىشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئۆلىمالار بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.



مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى فۇئات ئابدۇسالام تۈركى بىلەن كۆرۈشتى.



ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مەككە مۇكەررەمەدە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئابدۇل مۇھسىن تۈركى بىلەن كۆرۈشتى.



مۇئاۋىن مىنىستىر مۇھەممەد قاسىم باشچىلىقىدىكى ئافغانىستان دىنىي ئىشلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



ئافغانىستان دىنىي ئىشلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەببۇللا قاتارلىقلار ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.



پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش تەپتىشى خەلىل رەھمانخان باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى.



دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى.

## «قۇرئان كەرىم»دىن

"سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر" {سۈرە «بەقەرە» (2- سۈرە)، 177-ئايەت}.

«قۇرئان كەرىم»دىن

www.uyghurkitap.com

المسلم الصيني

# مۇندەرىجە

## ▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر ▼

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى......................... (4)
شاۋكەت ئىمىن شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.......(4)
6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.............................................(6)

## ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ▼

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان.......................
مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (7)
نامازدىكى ھېكمەت ۋە خاسىيەت.............. ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى (10)

## ▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ▼

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ............................... جارۇللا يۈسۈپ (14)

## ▼ ئىسلام ئەقىدىلىرى ▼

ئىسلامدا تەقۋادارلىق توغرىسىدا ................ ئادىل ھاجى كېرەم (18)

## ▼ ئىسلام ئەھكاملىرى ▼

غۇسلى تاھارەت توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار ..........................
........................ شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا ھاجى (20)

## ▼ ۋەز-تەبلىغ ▼

غەيۋەت- شىكايەت ۋە ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدا ..........................
.................................... ئالىمجان داموللا (24)

## ▼ ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ▼

تەكەببۇرلۇق روھىي ھالىتى توغرىسىدا ..............................
................................. ئابدۇرەھمان ئىسمائىل (27)
كېسەللەرنى يوقلاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك سۈننىتى......
................................... ئىسمائىل ياقۇپ (30)




**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**
**中国穆斯林**
(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)
(ئومۇمىي 76 -سان 总第76期)
باش مۇھەررىر:
**شەمشىدىن ھاجى**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ھاجى بارات رەجەپ**
تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:
**ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**
تەكلىپلىك تەھرىر:
**ئادىل ھاجى كېرەم**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
**شەمشىنۇر ھوشۇر**
主　　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔
刊号
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—167 :邮发代号
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720
国外代号: Q1720
E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە


## ▼ ئىسلام دىنى ۋە سالامەتلىك ▼

تاھارەت، ناماز ۋە سالامەتلىك .......... مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان (35)

## ▼ ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ▼

ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقىدا ......................
...................... ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (45)

## ▼ مۇسۇلمان ئالىملىرىمىز ▼

تىببىي ساھەدىكى مېۋىلىك باغۋەن — ئادالەت قاسىمى......ئابدۇللا موللا (48)

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ▼

خۇراپات، بىدئەت ئىللەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭ........... ياقۇپ ھەمدۇللا (51)

## ▼ خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر ▼

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى.......................(57)

ئافغانىستان دىنىي ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلىتىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى ............(57)

سەئۇدى ئەرەبىستانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى ........................ (57)

دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى......... (58)

پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللىرى جەمئىيىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى.... (58)

## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى ▼

تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى چوڭ قۇرۇلۇقتا زىيارەتتە بولدى..(58)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «يېڭى دەۋر ئاخۇنلىرى قوللانمىسى»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ............................................ (58)

مەتىمىن مۇسا، ھېبىبۇللا مەتسەيدى، تۇردى ھەسەن قاتارلىقلار خەۋىرى .......... (60)

## ▼ ئىسلام مائارىپى ▼

ئەنۋەر تۇردى، سادىق قارىم، ئابدۇلئەھەت ئالىم قاتارلىقلار خەۋىرى..............(60)

## ▼ تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ▼

ئۆمەرجان مۇھەممىدى، سىدىق تۇردى، ئابدۇرىشىت ۋاسىل قاتارلىقلار خەۋىرى .......(61)

## ▼ ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ▼

ھىجرىيە 1426 - يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى...............(64)


مۇقاۋىدا: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى

(بۇ سان 2005-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)




2005

3

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى: شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073
تېل: 83520073، 63513181 - 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
تېل: 0991-2566193
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；新疆发行站，《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街103号
邮编：100053　电话：010 - 63513181
010 - 83520073（兼传真）
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路119号
邮编：830001 电话：（0991）2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司
（北京 399 信箱）

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2005-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا بېرىپ، دارىلفۇنۇن خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى روزى ئىسمائىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، تەرەققىيات-پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار رەھبەرلىرى رەئىسنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىدا بىللە بولدى.

رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ئالدى بىلەن دارىلفۇنۇننىڭ ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاندىن بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلارنىڭ دىنىي بىلىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىشقا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان نوپۇزلۇق پېشقەدەم ئۆلىمالار بىلەن كۆرۈشتى ھەم مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا سۆز قىلىپ، ئۆلارغا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ھازىرقى ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ھەم شىنجاڭنىڭ يۈكسىلىش ئىستىقبالىنى ئەمەلىي ئۇچۇرلار بىلەن جانلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى يېڭى دەۋردىكى يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئىسمائىل تىلىۋالدى دارىلفۇنۇن مەسئۇلىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دارىلفۇنۇنغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى ۋە دارىلفۇنۇننىڭ 19 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دارىلفۇنۇن رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە بارلىق ئۇستاز، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي مەكتەپلەرنى يولغا قويۇش يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى ياخشى ئىگىلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يۆنىلىش، سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ گوۋۇيۈەن يېقىندا ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك دىنىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئىسمائىل تىلىۋالدى يەنە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە قەرەللىك ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ھەم ئوقۇتۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. (ش)

## شاۋكەت ئىمىن شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

5-ئاينىڭ 9-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇلىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

"يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ھەم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيە دىنىي سىياسىتى ۋە تۈرلۈك قانۇن-نىزاملارنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىشقا باشلاپ، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

يېڭى ئەسىردە يېڭى باسقۇچقا قەدەم باسقاندىن كېيىن، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. دىنىي خىزمىتىمىزمۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قانداق ياخشى ئىشلەش ئالدىمىزدىكى مۇھىم تېما بولۇپ قالدى.

پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دىن خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايون بىر قانچە يىغىنلارنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردىكى دىن خىزمىتىنى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇردى، شۇنداقلا، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتى ھەققىدىمۇ يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېقىندا ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان «دىن ئىشلىرى نىزامى» دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ بىر مۇنچە مۇھىم مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى كۆرسەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتى ئالدىدىكى چوڭ ياخشى پۇرسەت. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىدە شتات كەمچىل بولۇش، خىزمەت خىراجىتى يېتىشمەسلىك، ئاپپاراتلار مۇكەممەل بولماسلىق، ئىشخانا شارائىتى ناچار، خادىملار قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. شۇنداق بولسىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى قىيىنچىلىقنى باھانە قىلىپ، كۈتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، يۇقىرىغا قول ئۇزىتىش پوزىتسىيىسىدە بولماي، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ھازىر بار شەرت-شارائىتتىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلىرىنى ياخشى بېجىرىشى كېرەك.

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاسىتىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلار بىلەن ئالاقىلاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاسىتە. ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا مۇناسىۋەتلىك يۆنىلىش-سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن-نىزاملىرىنى ئېتىقادچى ئاما ۋە دىنىي زاتلارغا ئۆز ۋاقتىدا توغرا يەتكۈزۈپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشقا ئاكتىپ يېتەكلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام جەمئىيىتى ئېتىقادچى ئاما ۋە دىنىي زاتلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى، دىنىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى پارتكوم، ھۆكۈمەتكە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى سىياسەت بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلار بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئارىسىدىكى ئالاقە مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك. ئىلگىرى ئىسلام جەمئىيىتى بىر مۇنچە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن نەتىجە ئۆتمۈشكە تەۋە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى ئاساسىدا ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈملەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ھەر تەرەپلىمە كۈچلەرنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە مەنبەلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىشى كېرەك.

'ئىچكى جەھەتتە ساپانى كۈچەيتىش، تاشقى جەھەتتە ئوبراز تىكلەش' تەلىپى بويىچە، ئىسلام جەمئىيىتى كادىرلىرىنىڭ ئۆز ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى كادىرلىرىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسى ۋە ئۆز ساپاسى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. ئىسلام جەمئىيىتى كادىرلىرى مۇئەييەن سىياسەت، قانۇن سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، مۇئەييەن دىنىي بىلىملەرگە تېخىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى كادىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئارىسىدىكى دەۋەت ئىقتىدارى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ياخشى ئوبرازىنى يەنىمۇ ياخشى تۇرغۇزۇش كېرەك''.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى روزى ئىسمائىل، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رىشىت نىياز، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى ئابلەت ئابدۇرەھمانلار شاۋكەت ئىمىنىنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشىدە بىللە بولدى. (ش)

# 6- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 5-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ــــ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا مەملىكەت بويىچە 23 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن 80 قارى ۋە قارىيەنى تاللاپ مۇسابىقىگە قاتنىشىش نامزاتى قىلىپ يوللىغانىدى. ئەستايىدىل تاللاش ئارقىلىق، ئۇلاردىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، دۇڭشياڭ، سالا مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 54 قارى ۋە قارىيە(يەنى 44 قارى ۋە 10 قارىيە) تاللىنىپ بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدىن 12 قارى ۋە 2 قارىيە بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا مۇشەررەپ بولدى.

مۇسابىقە ئىلگىرىكى نەچچە نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە ئوخشاشلا ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىدە شىنجاڭلىق قارىيلارنىڭ قىرائەت سەۋىيىسى ئالاھىدە نامايان بولدى. 12 قارىيدىن 8 نەپىرى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان 14 قارىينىڭ قاتارىغا كىردى. ئەستايىدىل، جىددىي ۋە كەسكىن مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن مەمتىمىن ئابدۇللا 1-دەرىجىلىك، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن شىنجاڭلىق ما شياۋلۇڭ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىن فا سوڭفۇ، شىنجاڭلىق سىدىق مۇھەممەد (ئاقسۇدىن) 2-دەرىجىلىك، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن غېنى ئابلىكىم، شىنجاڭلىق مەمتىمىن سېيىت (قەشقەردىن)، گەنسۇلۇق ۋاڭ يىچيېڭ، چىڭخەيلىك لى جۇن قارىيلار 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن شىنجاڭلىق مۇھەممەتجان قارىي (قازاق، ئۈرۈمچىدىن) ۋە چىڭخەيلىك ما باۋگۈي قارىيغا ئالاھىدە مۇكاپات بېرىلدى؛ ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن: شىنجاڭلىق نۇرىمان سۇلايمان قارىيە(ئۈرۈمچىدىن) 1-دەرىجىلىك، يۈننەنلىك ما ۋېيجيا قارىيە 2-دەرىجىلىك ۋە نىڭشيالىق ما چىڭچۇن قارىيە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن شىنجاڭلىق بۇھەجەر (توققۇزتارادىن)، خېبېيلىق چاڭ ۋېي قارىيەلەرگە ئالاھىدە مۇكاپات بېرىلدى. مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا لياۋنىڭ ئۆلكىسى تېلىڭ شەھەرلىك مەسچىتىنىڭ ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن "ئائىشە مەۋلۇت-سەلاۋات ئۆمىكى" مۇراسىم ئەھلىگە سەلاۋات ئېيتىپ بەردى.

مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چى شياۋفېي، 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چېنجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ، مەسلىھەتچىلىرى ئابدۇرەھىم ئىمىن، نۇئمان ماشيەن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زوڭشەن، شۇنداقلا سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، ئومان، پاكىستان، سۇدان، مالايسىيا، ھىندونېزىيە، برونېي دارۇسسالام، ئافغانىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىنىڭ باش ئەلچى ۋە كونسۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن ئىشتىراك قىلدى. ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، نەتىجىگە ئېرىشكەن قارى ۋە قارىيەلەر يەنە بىر قېتىم قۇرئان تىلاۋەت ماھارىتىنى نامايان قىلىپ ئۆتتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن قارى ۋە قارىيەلەرگە مۇكاپات لوڭقىسى، تەقدىرنامە، مۇكاپات سوممىسى ۋە خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن سۆز قىلىپ، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتتى ھەم نەتىجىگە ئېرىشكەن قارى ۋە قارىيەلەرنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چى شياۋفېي سۆز قىلىپ، جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان بۇ نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق دىنىي پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بېيجىڭ چاڭ خۇا توگرېن پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئوسمان فېڭ لېي بارلىق قارى ۋە قارىيەلەرگە مۇكاپات سوممىسى ۋە خاتىرە بۇيۇمى ئىئانە قىلدى.

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ئىمام ئەھمەد ھەنبەلنىڭ مۇسنەد كىتابى

ھىجرىيە 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇفەلىك ئابدۇللا ئىبنى مۇسا، بەسرىلىك مۇسەددەب، ئەسەد ئىبنى مۇسا، ئەئىم ئىبنى ھەمماد ۋە باشقىلار مۇسنەد كىتابلىرىنى يازدى. ئۇلاردىن كېيىن ئىمام ئەھمەد ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھۋەي، ئوسمان ئىبنى ئەبۇ شەيبە ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ھەدىس بارىسىدا مۇسنەدلەر تەئلىق قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەد كىتابى ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە چوڭ ھەجىملىك بولۇپ، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مۇھەددىسلار ئۇنىڭ ئەڭ ئەتراپلىق يېزىلغان ھەدىس كىتابى ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشقان. بۇ كىتابتا 700 دەك ساھابىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئىمام ئەھمەد كىتابىنى مەزمۇن بويىچە بابلارغا ئايرىماستىن، رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تېمىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى جەملەپ شۇ ساھابىنىڭ نامى ئاستىغا بەرگەن. كىتابنى قولغا ئېلىپ ۋاراقلايدىغان بولساق، بىر ساھابىنىڭ رىۋايەت قىلغان ئىبادەت توغرىسىدىكى، قىيامەت توغرىسىدىكى، ئەخلاق توغرىسىدىكى ھەدىسلىرىنى ئارىلاش ھالدا شۇ ھەدىسلەرنىڭ راۋىيسى بولغان ساھابىنىڭ نامى ئاستىغا رەتلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بۇ كىتاب تەكرار ھەدىسلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 40 مىڭ ھەدىسنى، تەكرار ھەدىسلەرنى چىقىرىۋەتكەندە 30 مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھافىز ئىبنى كەسىر: "ھېچقانداق مۇسنەد كىتابى ھەدىسلەرنىڭ كۆپلۈكىدە ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەدىگە يەتمەيدۇ" دېگەن. بۇ كىتابتىكى 300 چە ھەدىس ئۈچ راۋى ئارقىلىقلا رەسۇلۇللاھقا ئۇلىنىدىغان ھەدىسلەردۇر. مۇسنەد كىتابىنى ئىمام ئەھمەدتىن ئۇنىڭ سالىھ، ئابدۇللا، ھەنبەل قاتارلىق ئۈچ ئوغلى بىۋاسىتە ئاڭلاپ رىۋايەت قىلغان. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: "بۇ كىتابنى مەن 750 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ يېزىپ چىقتىم. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشسا مۇشۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلسۇن". شەيخ ئىمام ئەلى ئىبنى ھافىز فەقىھ مۇھەممەد يۇنىدىن: "سەن ‹كۇتۇبىسىتتە› دەپ ئاتالغان ئالتە پارچە كىتابنى ھىفزى قىلدىڭمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "ھىفزى قىلدىم دېسەممۇ بولىدۇ، ھىفزى قىلمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ" دېگەن. ئۇنىڭغا: "نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟" دېيىلگەندە، ئۇ: "مەن ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد كىتابىنى ھىفزى قىلدىم. ‹كۇتۇبىسىتتە› ئىچىدە مۇسنەدتە يوق ھەدىسلەر كۆپ ئەمەس" دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇسنەد كىتابىنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ سەھىھلىك دەرىجىسى توغرىسىدىكى باھالار ھەر خىل. ئەبۇ مۇسا مەدىنى مۇنداق دەيدۇ: "مۇسنەد كىتابى مۇھەددىسلەر ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ھەدىسلەرنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەڭ راستچىل ۋە تەقۋادار كىشىلەردىن رىۋايەت قىلغان". ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر "مۇسنەد سەھىھ ھەدىسلەردىن باشقا زەئىپ ۋە باشقا ماۋزۇ ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان" دەيدۇ. ئىبنى جەۋزى «الموضوعات» (ماۋزۇئات) دېگەن كىتابىدا مۇسنەدتىن ئېلىنغان 29 ھەدىسنى ماۋزۇ ھەدىس دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەدىسشۇناسلاردىن ئەبۇ ئابدۇللا زەھەبى، ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى ، ئىبنى تەيمىيە ۋە سۇيۇتىلار، مۇسنەدتە سەھىھ ھەدىسلەردىن باشقا بەزى زەئىپ ھەدىسلەر بولسىمۇ بۇلارنىڭ زەئىپلىك دەرىجىسى زەئىپتىن يۇقىرىراق، سەھىھتىن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ.

*ماقالىنىڭ باش قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا

مۇھەددىس سۇيۇتى «الجامع الكبير» (جامىئە كەبىر) ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە: ”ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد كىتابىدىكى ھەدىسلەر مەقبۇل ھەدىسلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى زەئىپ ھەدىسلەرمۇ زەئىپلىك دەرىجىسىدىن يۇقىرىراق تۇرىدۇ“ دەپ يازغان. ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەرمۇ: ”مۇسنەد كىتابىدا ئاساسسىز ھەدىسلەردىن پەقەت ئۈچ-تۆتىلا بار“ دەيدۇ. ئىبنى تەيمىيە «منهاج السنة» (مىنھاجۇ ئەسسۇننە) دېگەن كىتابىدا: ”ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە بەزى زەئىپ ھەدىسلەر بولسىمۇ كەززاپ دەپ تونۇلغان راۋىلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلمايدىغانلىقنى شەرت قىلىپ قويغان، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىمام ئەھمەدتىن رىۋايەت قىلىنمىغان ماۋزۇ ھەدىسلەرنى ئارتۇقچە ھالدا مۇسنەد كىتابىغا قوشۇپ قويغان“ دەپ يازغان.

ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەد كىتابىغا ئىسلام ئۆلىمالىرى ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. «كشف الظنون» (كەشفى زۇنۇن) دا: ”مۇسنەدنىڭ قىيىن سۆزلىرىنى ئەبۇ ئۆمەر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھىد دېگەن ئالىم ھىجرىيە 341-يىلى مەخسۇس بىر كىتابتا يېشىپ بەرگەن“ دەپ يېزىلغان. شەيخ ئىمام سىراجىددىن ئۆمەر ھىجرىيە 805-يىلى مۇسنەد كىتابىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى ئىشلىگەن. سۇيۇتى «عقود الزبرجد» (ئۇقۇدى زەبەرجەد) ناملىق شەرھىنى ئىشلىگەن. ھىجرىيە 1139-يىلى ۋاپات بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرەلىك ئەبۇلھەسەن ئىبنى ئابدۇلھادى مۇسنەدكە 50 جىلدلىق بىر شەرھى يازغان. بۇ كىتابنى ھەلەبلىك شەيخ زەيندىن ئۆمەر قىسقارتىپ يازغان. ھەدىسشۇناس ئىبنى جەزەرى مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇستازىمىز، ھەدىس پېشۋاسى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ساھابىلارنىڭ ۋە راۋىلارنىڭ ئىسىملىكىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئۇ كىتابنى باشقىچە قىلىپ رەتلەپ چىققان، بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ رىيازەت چەككەن. ئۇستازىمىز، ئىسلام تارىخشۇناسى ئىمادىددىن ئەبۇل پىدا ئىبنى كەسىر بۇ كىتابنى ئۇنى تەئلىق قىلغۇچىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا پۈتۈن «صحاح ستة» (سىھاھى سىتتە)نىڭ ھەدىسلىرىنى ۋە مۇئجەم تەبەدانىنىڭ ھەدىسلىرىنى، مۇسنەدى بەززارنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋە ئەبۇ لەئلا مۇسنەدىنىڭ ھەدىسلىرىنى قوشۇپ مىسلى يوق چوڭ بىر كىتاب قىلىپ چىققان. ئۇنىڭغا پەقەت ئەبۇ ھۇرەيرە مۇسنەدىنىڭ بىر قىسمىنىلا قوشۇش ئىشى قېلىپ قالغان. ئۇ بۇنى تولۇقلاشتىن بۇرۇن كۆزى ئەما بولۇپ قالغان ۋە ئۇنى تولۇقلىيالماي ۋاپات بولۇپ كەتكەن“. مەزمۇنى مۇنداق دېگەن: ”مەن كىتابنى تۈنلەر بويى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يېزىپ كۆزۈمدىن ئايرىلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، ئاللاھ تائالا بۇ كىتابىمنى تولۇقلىۋېتىدىغان بىرەر كىشىنى مۇيەسسەر قىلغاي، بۇنى تولۇقلىۋېتىش قىيىن ئەمەس“. ئىبنى كەسىر تەئلىق قىلغان بۇ كىتابىنىڭ ئىسمى «جامع المسانيد والسنن» (مۇسنەد ۋە سۈننەتلەر توپلىمى). بۇ كىتاب سەككىز جىلد بولۇپ، مىسىر كۇتۇبخانىسىدا ساقلانماقتا. مۇسنەدنى ئىسپاھانلىق بەزى ھەدىسشۇناسلار بابلارغا بۆلۈپ تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدەك مۇسنەدنى ھەدىسشۇناس ئەللامە ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرەھمان(سائاتى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئالىم) بابلارغا بۆلۈپ، پۇختا رەۋىشتە رەتلەپ چىققان. كىتابنى 1. تەۋھىد بابى 2. فىقھە بابى 3. تەپسىر بابى 4. تەرغىب بابى 5. تەرھىب(ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش) بابى 6. تارىخ بابى 7. قىيامەت ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەھۋاللىرى بابى قاتارلىق يەتتە بابقا بۆلۈپ چىققان. بۇ كىتابنى« الفتح الربانى لترتيب مسند الامام احمد بن حنبل الشيبانى » (فەتھۇررەببانى) دەپ ئاتىغان.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولۇپ ھىجرىيە 164-يىلى باغداتتا تۇغۇلغان. بالا چاغلىرىدا ئىمام ئەبۇ يۈسۈفنىڭ سورۇنىغا بېرىپ ئىلىم ئۆگەنگەن. ئاندىن كېيىن فىقھە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرمايلا ھىجرىيە 187-يىلى ھەدىس ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشايىخلىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇلار ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنى ھۆرمەتلەيتتى. ھۇشەيىم ئىبراھىم ئىبنى سەئىد ۋە سۇفيان ئىبنى ئۇيەينيەلەر ئۇنىڭغا ھەدىس ئۆگەتكەن مەشايىخلىرىدىن ئىدى. ئىمام شافىئى باغداتقا كەلگەن چاغدا ئۇنىڭدىن فىقھە ئىلىملىرىنى ئۆگەندى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل سۈننەت ئىلىملىرى ۋە فىقھە ئىلىملىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەھلى ھەدىسلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمامى ۋە فىقھىدىكى ئۇستازى ھېسابلايتتى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ھۇججاج، ئىمام شافىئى، ئابدۇررازاق، ۋەكى قاتارلىق ھەدىسشۇناسلار ئىمام ئەھمەدتىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىمام شافىئى ھەدىس ۋە فىقھىدا ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللاش ۋە رەتلەشتە ئىمام ئەھمەدكە مۇراجىئەت قىلاتتى. ئىمام شافىئى ھىجرىيە 198-يىلى باغداتتا ئىمام ئەھمەد بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا: ”ئى ئەبۇ ئابدۇللا، سېنىڭ ئالدىڭدا

بىرەر ھەدىس سەھىھ ھېسابلانسا، ماڭا بىلدۈرۈپ قويساڭ» دېگەن. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بۇ چاغدا 30 نەچچە ياشتا ئىدى. ئىمام شافىئى: «مەن ئىراقتىن چىققان چاغدا ئۇ يەردە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىنمۇ پازىلراق، ئالىمراق، تەقۋادارراق ئادەم يوق ئىدى» دېگەن. شۇنداقلا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ تۆرلۈك ئىلىملاردا، ھەدىستە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى خىلمۇ خىل مەسىلەكتىكى زاماندىش ئالىملار ئېتىراپ قىلغان. ئىسھاق ئىبنى راھۋەي مۇنداق دېگەن: «ئەھمەد بولسا ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك زات ئىدى». يەھيا ئىبنى نەئىم: «ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدىكى، ئىككىنچى بىر ئالىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. ئۇ ھەم ھەدىسشۇناس ھەم تۆرلۈك ئىلىملەرگە پۇختا ھەم تەقۋادار ھەم دانا ئىدى» دېگەن. ئۇ يەنە: «كىشىلەر بىزدىن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدەك بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭدەك بولالمايمىز ۋە ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇشقىمۇ قادىر بولالمايمىز» دېگەن. ئۇز زاماندا ئابباسىيە خەلىپىلىرىدىن مەئمۇن، مۇئتەسىم، ۋاسىق قاتارلىق خەلىپىلەرنى مۇئتەزىلىلەر گورۇھى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئاننى «مەخلۇق» دېيىشكە كىشىلەرنى زورلاشقا كۈشكۈرتكەن. ھىجرىيە 220-يىلى خەلىپە مۇئتەسىم زاماندا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ قۇرئاننى مەخلۇق دېيىشكە مەجبۇرلىنىپ، ئۇ بۇنىڭدىن باش تارتقاندا قاتتىق تاياق يېگەن ۋە زىندانغا تاشلانغان. ئىمام ئەھمەدنىڭ زىندانغا تاشلىنىپ تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەھلى تەسەۋۋۇپتىن بولغان بىشىر ھافى: «ئىمام ئەھمەد ئوچاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ تاۋلىنىپ قىزىل ئالتۇن بولۇپ چىقتى» دېگەن. ئەلى مەدىنى: «ئىسلامىيەتتە ھېچ ئادەم ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدەك قىلالمىغان» دېگەن. بۇ سۆز ئەبۇ ئۇبەيد قاسىمغا يەتكەندە، ئۇ: «ئەلى راست دەپتۇ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھتىن كېيىن بىر قىسىم ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىشىغا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بولغان. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قۇرئاننى 'مەخلۇق' دېيىش پىتنىسىگە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭ ھېچقانداق ياردەمچىلىرى ۋە تەرەپدارلىرى بولمىغان» دېگەن. ئاندىن ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنى ماختاپ: «ئىسلامىيەتتە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كۆرمىدىم» دېگەن. مەرھۇم ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئالىملار ئارىسىدا ئۆچمەس نام قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 241-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. (داۋامى بار)

---

## ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرگە:

ئۇچۇر تېخنىكىسى، جۇملىدىن كومپيۇتېرنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىلەردە كەڭ ئومۇملىشىشىغا، ئىنتېرنېت (رايونلار ئارا ئۇچۇر-ئالاقە تورى) نىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، توردا خەت-ئالاقە قىلىش ئەڭ تېز، قولاي بىر ئۇسۇل بولۇپ قالدى، ئۇيغۇر يېزىقى ساھەسىدىكى يۇمشاق دېتال تەرەققىياتىمۇ بۇنىڭغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شۇ ۋەجىدىن بەزى ئاپتورلىرىمىز تەھرىر بۆلۈمىمىزگە E-mail(ئېلخەت)تىن پايدىلىنىپ ئەسەر (سۈرەت) يوللاش تەكلىپىنى بەردى. شۇڭا تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىر ئېلخەت ئادرېسى ئاچتۇق.

E-mail (ئېلخەت) ئادرېسىمىز: ujmtb@yahoo·com·cn

تەھرىر بۆلۈمىمىزدە خادىم كەمچىل، خىزمەت سالمىقى ئېغىر بولغانلىقى، خەت تىزىشتىكى تەكرار ئەمگەك، زېھنىي كۈچ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىمكانىيىتى بارلارنىڭ چوقۇم ھەجىمدىكى ماقالىسىنى كومپيۇتېردا (ئۇيغۇر سوفت «ئەلكاتىپ»نىڭ 3·1، 2·7، 3.9 نۇسخىلىرىدا) تىزىپ، يۇقىرىقى ئېلخەت ئادرېسىغا يوللاپ بېرىشىنى، ئۇنىڭغا ئىمكانى بولمىسا ماقالىسىنى ئۈپتېك دىسكا (光盘) ياكى يۇمشاق دىسكا (软盘) غا ئېلىپ ماقالە بىلەن بىللە پوچتىدىن ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نامازدىكى ھېكمەت ۋە خاسىيەت

ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئادەتتىكى ئەھۋالدا شەرئى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلىش شەرت قىلىنمايدۇ، مۇھىمى مۇتلەق ئىتائەتمەنلىك بىلەن ۋاقتىدا، تولۇق بەجا كەلتۈرۈشتۇر. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى مەلۇم ئىبادەتنىڭ ھېكمىتىنى بىلىپ يەتسە، بۇ نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھ تائالا ئىززەتلىك قىلغان ئارىفلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ناماز ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان، مۇنتىزىم ھەرىكەتلەر ۋە مۇئەييەن ئايەت-دۇئالار بىلەن تەرتىپلىك رەۋىشتە، خاس شەكىلدە، كۈندە بەش قېتىم ئادا قىلىدىغان كۈندىلىك ئىبادەت.

ناماز تولىمۇ قەدىم، تارىخىي ئىبادەت شەكلىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى نامازنى ئادا قىلىشقا ۋە ئەھلىنى نامازغا بۇيرۇشقا ئەمر قىلىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ناماز ۋە زاكاتنى بۇيرۇغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا نامازنى ئادا قىلىش ۋە ياخشىلىقلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئىسرا كېچىسى بەيتۇلمۇقەددەستە پەيغەمبەرلەرگە نامازدا ئىمام بولغان. دېمەك، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە ناماز ھەر خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولغان. رەسۇلۇللاھ بەش ۋاقىت ناماز پەرز بولۇشتىن بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇيتتى.

مىئراج كېچىسى نامازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، تولۇق ۋە ئىسلامىي شەكلى پەرز قىلىندى.

ناماز ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى يۈكسەك روھانىي ئالاقە. ئۇ بەندىنى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا يېتەكلەپ، ئىنايىتىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

نامازنى ئۆرە بولۇشقا قادىر بولالمىغانلار ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا يېتىپ ئىشارەت بىلەن ئادا قىلسا، پەقەت بولالمىغاندا نامازنىڭ ئەركانلىرىنى دىلىدا جارى ئەتسە بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر ئاسانلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ھەم نامازنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ساقىت بولمايدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. دەرھەقىقەت، نامازنىڭ جەڭگاھتىمۇ ساقىت بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى-ئەمەلىيىتىدىكى مىسلىسىز ئورنىنى تىكلىگەن. «قۇرئان كەرىم» سۈرە«نىسا»نىڭ 102-ئايىتىدە جەڭ مەيدانىدا نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۇسۇلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولسا، مۆتەبەر فىقھى كىتابلىرىدا جەڭ مەزگىلىدىكى ئالاھىدە شارائىتتا نامازنى قانداق ئادا قىلىش ئۇسۇلى «قوغلاش ياكى قېچىش ھالىتىدىكى كىشىنىڭ نامىزى» دېگەن ئايرىم سەرلەۋھە ئاستىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ”ئەگەر جەڭچى دۈشمەننى قوغلاۋاتقان بولسا ياكى دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا ۋە ياكى دۈشمەنلەر جەڭچىنىڭ پېيىگە چۈشكەن بولسا، قىبلىگە يۈز كەلتۈرەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، دۈشمەن قاچقان تەرەپكە ياكى بىخەتەر جايغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىشارە بىلەن نامازنى قولاي رەۋىشتە ئادا قىلىدۇ. بۇ شەرىئەتتە ئەيىبلەنمەيدىغان بارلىق قېچىش ھالەتلىرىدىكى كىشىگە، شۇنداقلا رۇكۇ، سەجدە قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم، ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، مال-مۈلكىگە دۈشمەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋان تەرىپىدىن زىيان يېتىش خەۋپىدىكى كىشىگىمۇ تەدبىقلىنىدۇ“ (سەييىد سابىق: «فىقھۇسسۈننە»، قاھىرە فەتىھ نەشرىياتى، 1-جىلد، 336-بەت).

ناماز باشقا ھەر قانداق ئىبادەتتىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھتىن: ” قايسى ئەمەل ئەۋزەل؟“ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبىرىمىز: ”ۋاقتىدا ئادا قىلىنغان **ناماز**“ دەپ جاۋاب بەرگەن. ناماز ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ تۇنجىسى. ئاخىرەتتە بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدىن تۇنجى رەت ھېساب ئېلىنىدىغىنىمۇ ناماز.

نامازنىڭ يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن پەزىلەتلىرى ۋە

يۇقىرى ئورنى بولغاچقا، ئۇ باشقا ئىبادەتلەردىن پەرقلىق ھالدا، ئالاھىدە شەكىلدە، رەسۇلۇللاھنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پۈتكۈل كائىناتتىن ھالقىغان، يەتتىنچى ئاسماندىكى سىدرەتۇلمۇنتەھا*دا ئاللاھقا يېقىن تۇرغان مۇبارەك سائەتلىرىدە پەرز قىلىندى.

نامازنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە قەيت قىلىنغان ھېكمەتلىرىدىن: ناشايان ئىشلاردىن چەكلەش، نەپسنى پاكلاشتۇر. بىر ۋاقىت نامىزى قازا بولسا پەرىشان بولىدىغان، بىر ۋاقىت تاماقتىن قالغاندەك ئېچىرقاش ھېس قىلىدىغان نامازخانلار نامازدىكى ھېكمەتكە يېقىنلاشقانلاردۇر. بەش نامازنىڭ كۈندىلىك بۇيرۇلغان ۋاقىتلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا نۇرغۇن ھېكمەتلەر زاھىر بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتلار شۇ كۈندىكى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە خاسىيەتلىك دەقىقىلەردەك تۇيۇلىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ شەكسىزدۇر. سىز بامدات نامىزىنى ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغىنىڭىزدىلا سەھەر ئورنىدىن تۇرۇشتىن ئىبارەت بىر ياخشى ئىشنى قىلىپ بولغان بولىسىز. بىر كۈنلۈك مەشغۇلىيىتىڭىزگە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئادا قىلغان روھىي ۋە جىسمانىي ئىبادەت قەلبىڭىزنى پاك-پاكىزە يۇيۇپ قويىدۇ. پېشىن، دىگەر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىمۇ ئۆزگىچە قىممەتتە. دېمەك بىر كۈنلۈك پائالىيىتىڭىز ئىبادەتنى مۇقەددىمە، يەنە ئىبادەتنى خاتىمە قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشتىن، خۇپتەن نامىزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن (بىھۇدە) گەپ قىلىشتىن چەكلىگەنلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزدە بولۇشى كېرەك.

ئىسلام خەلىپىلىكلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭەيگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇسۇلمانلار ئاسترونومىيىنىڭ كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىگە، نامازنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان، ئىشەنچلىك مەلۇماتلار ئاساسىدا قىبلىنى توغرا بېكىتىشىگە ۋە يىلنىڭ ئوخشىمىغان پەسىل-كۈنلىرىدە بەش نامازنىڭ ۋاقتىنى توغرا ھېسابلاشقا موھتاج بولغان.

نامازنىڭ نامازخانغا بېغىشلايدىغان ئاتالىرى ھېسابسىز... كىشىلىك ھايات ئىنساننى چېنىقتۇرىدىغان، تاۋلايدىغان ئوچاق. ھاياتتا كىشى بەزىدە ئاجايىپ خۇشال مىنۇتلار ئىلكىدە ئەللەيلەنسە، بەزىدە دەھشەتلىك، ئازابلىق دەقىقىلەر قوينىدا تولغىنىدۇ. ناماز ئىنسانغا ھەر قانداق روھىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاتا قىلىدۇ. نامازخان نامازدا قەلبىدىكى ئەڭ ئالىي قۇدرەت ساھىبىغا ساداقىتىنى بېغىشلاش بىلەن، ئۆز ۋۇجۇدىدىن تاشقىرى بارلىق مەۋجۇداتتىن مۇستەقىل بولالايدۇ. شۇڭا نامازخانىنىڭ قەلبى غايەت خۇشاللىقىنىمۇ، چەكسىز قايغۇسىنىمۇ ئوخشاشلا سىغدۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

ناماز ئىنسان بېشىدىن كېچىۋاتقان ھەر بىر زەپەر، تەنتەنە ۋە پېشكەل، مۇسىبەت ئۈچۈن بىردەك ئەسلەتمىدۇر. نامازخانلار ئالدىنقى ئەھۋالدا شۈكرانە نامىزى ئوقۇپ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىسە، كېيىنكى ئەھۋالدا ھاجەت نامىزى ئوقۇپ، ئاللاھتىن ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى، يوقاتقان مۇسىبىتىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىشىنى تىلەيدۇ. قىسقىسى، ئىنسان ناماز ئارقىلىق ئۆز روھىيىتىنىڭ قارشى قۇتۇپلىرى ئارىسىدا بىمالال قاتنىيالايدۇ.

رەسۇلۇللاھ بىلالنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇپ: "**بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىنە، بىلال**" دەيتتى.

ئاللاھ ئۇلۇغلۇق ئەۋجىدە مەۋجۇت، ئاللاھنىڭ بۇ مەقامىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنسان ناقىسلىق پاتقىقىدا تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىنسان ناماز ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن بىۋاسىتە ۋە چىن، تىلى ۋە دىلى بىلەن باغلىنالايدۇ؛ مەۋجۇدىيەتنىڭ مەركىزىگە يۈزلىنىپ خىتابەن سىردىشالايدۇ.

ئاللاھ چەكسىز گۈزەلدۇر، ئىنسان ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ تەلپۈنىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئىنسان ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە قورقىدۇ. بىراق بۇ قورقۇش زەئىپ كىشىنىڭ قۇدرەتلىك زوراۋان ئالدىدىكى تىترىشى ئەمەس، بەلكى ناقىس ئىزدەنگۈچىنىڭ كامالەت ئالدىدىكى ھودۇقىشىدۇر.

رەسۇلۇللاھ: "**ناماز مېنىڭ خۇشاللىقىم، ئاللاھنىڭ زىكرى قەلبىمنىڭ مېۋىسى**" دېگەنىدى.

"مۇئەييەن روھىي پائالىيەت نېرۋا تالالىرى ۋە ھەر قايسى ئورگانىزىملاردا ئاناتومىيىلىك ۋە فونكسىيىلىك ئۆزگىرىش ياسىشى مۇمكىن. بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئوخشىمىغان شارائىتلاردا، جۈملىدىن

* سىدرەتۇلمۇنتەھا: رەسۇلۇللاھ بۇ دەرەخ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ دەرەخنىڭ ياپراقلىرى چوڭلۇقى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك، مېۋىلىرىنىڭ چوڭلۇقى قاپاقلاردەك ئىدى. رەببىمنىڭ بۇيرۇقى چۈشكەندە بۇ دەرەختە ئۆزگىرىش پەيدا بولاتتى. ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر ئادەم بۇ دەرەخنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىيەلمەيدۇ". (مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 107-بەت)

ئىبادەتتە روياپقا چىقىدۇ. ناماز ھەرگىزمۇ مۇئەييەن ھەرىكەتلەرنى مېخانىكىلىق رەۋىشتە تەكرارلاش دەپ چۈشىنىلمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان يۈكسەكلىكتە بولۇپ، بىز ياشاۋاتقان دۇنيادىن ھالقىغان بۈيۈك بىر ئەقىدىگە چۆكۈشتۇر. بۇ خىل پسىخولوگىيىلىك ھالەتكە ئەقىل تەبىر بېرەلمەيدۇ. پەيلاسوپلار، ئالىملار نامازنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن، بىراق مال-دۇنياغا بېرىلمەيدىغان ئادەتتىكى ئادەم ئاللاھنى گويا قۇياشنىڭ ھارارىتىنى ياكى يېقىن دوستلىرىنىڭ مېھرىبانلىقىنى سەزگەندەكلا تەبىئىي، ئوڭايلا ھېس قىلالايدۇ“ (ئالېكسىس كارل. «ناتونۇش ئىنسانىيەت»، قاھىرە مىللەت نەشرىياتى، 118-بەت).

نامازخاننىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى كائىناتتىكى جىمى شەيئىلەر بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكەتلىرى نامازخاننىڭ نامازدىكى ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ۋارىيانتىنى تاپىدۇ.

نامازخان قىيامدا تۇرغاندا گويا تاغلاردەك، قارىغايلاردەك مەزمۇت ئۆرە بولىدۇ. يۇلتۇزلار يوشۇرۇنغىنىدەك رۇكۇ قىلىدۇ-دە، يۇلتۇزلار قايتا زاھىر بولغاندەك رۇكۇدىن قىيامغا قايتىپ قەددىنى رۇسلايدۇ. ئاندىن ئۆمۈر بويى سەجدە ھالىتىدىلا ياشايدىغان ئۆسۈملۈكچى جانلىقلاردەك سەجدە قىلىدۇ. سەجدىدىكى ھېكمەت تېخىمۇ چوڭقۇر. ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان كىشى باشقىلارغا ھەر خىل شەكىلدە تازىم قىلىش بىلەن ئۆز تەبىئىتىدىكى ئىلاھقا سېغىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. كىشىدىكى ئىلاھقا سېغىنىش تۇيغۇسى ھامان تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. بۇ مەنىدىن، دۇنيادا سەجدە قىلمايدىغان كىشى بولمايدۇ ــــ يا ياراتقۇچىغا يا يارالغۇچىغا سەجدە قىلىدۇ. كۆرۈۋاتىمىز، ياراتقۇچىغا تازىم قىلىشتىن مەھرۇملار، ئەقەللىيسى تۇرمۇش ھاجەتلىرى كويىدا يارالغۇچىغا تازىم قىلىشقا مەھكۇملاردۇر. ئېنىقكى، ياراتقۇچىغا تازىم قىلىش كىشىگە جاسارەت بېغىشلايدۇ.

ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇقەررەر تەلەپ- ئېھتىياجلار مۇناسىپ شەكىل بىلەن تەمىنلەنمىگەندە، ئۇ تەبىئىي ھالدا ناتوغرا شەكىللەردىن چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. شۇڭا توغرا يول بىرلا بولسا، خاتا يول مىڭ تۈرلۈك بولىدۇ. ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدىغان تۈرلۈك گۇناھ-مەئسىيەتلەر ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىتىدىكى مۇقەررەرلىككە مۇناسىپ چىقىش يولى بەرمىگەنلىكتىدە.

ناماز ــ ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەر ۋە شەيتانلارنىڭ تېگىشلىك سۈپەتلىرىگە ئىگە ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان روھ تەڭشىكى. ئەقىل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىلى بولغىنىدەك، ناماز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان روھىي مۇلاقاتىدىكى بىردەك مۇناجات تىلى. ئاق خالات دوختۇرلارنىڭ ماددىي فورمىسى بولسا، ناماز مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى فورمىسى. لوگىكا تەپەككۇر گرامماتىكىسى بولسا، ناماز روھ تەنتەربىيىسىدۇر... ناماز ئىنسان روھىنىڭ تاۋلىنىش جەريانى. نامازخاننىڭ دىل چاستوتىسى كامالەت دولقۇنلىرىغا توغرىلانغان پەيتتە، ئايھاي! ئۇنى بۇ ھەرپلەر ئىپادىلىيەلمەيدۇ. نامازخاننىڭ تېنى كۆڭۈلگە ئۈچ قېتىم ئۆزۈۋېلىنسا، روھى كەم دېگەندە بەش قېتىم ئۆزۈۋېلىنىدۇ. بەلكىم بۇ ئىنسانغا نىسبەتەن روھىنىڭ ئېھتىياجى تەننىڭ ئېھتىياجىدىن سان-ساپا جەھەتتە يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشارىدۇر.

مەشھۇر پسىخولوگ ۋە پەيلاسوپ ۋىليام جېمس مۇنداق دېگەن: ”ئىنسانلار تا قىيامەتكە قەدەر نامازنى تەرك ئەتمەيدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىلىم-پەننىڭ باشقىچە نەتىجە ئېلىپ كېلىش مۇمكىنلىكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ناۋادا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ھازىر بىزگە نامەلۇم بولغان پەۋقۇلئاددە شارائىتتا بۇنىڭ ئەكسىچە پەرەز قىلىنسا بۇ باشقا گەپ“ (مۇھەممەت ئىقبال. «ئىسلامدىكى تەپەككۇر ئىنقىلابى»، قاھىرە ھىدايەت نەشرىياتى. 2000-يىل ئەرەبچە 2-نەشرى، 108-بەت).

رەسۇلۇللاھنىڭ بەش نامازنى مەسچىتتە ئادا قىلىشقا بۇيرۇشى نامازغا تېخىمۇ چوڭ خاسىيەت بېغىشلايدۇ. نامازنىڭ شارائىتى بىلەن مەسچىتتە ئىجتىمائىي پەرقلەر تامام يوقالغان ”جەننەتسىمان جەمئىيەت“ يارىتىلغان. تۇرمۇش ئىستەكلىرى كىشىلەرنى تەرەپ-تەرەپكە تاراتسا، مەسچىت ئۇلارنى جەم قىلىپ، ئۆزئارا ئارىلاشتۇرىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنى جامائە شەكلى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى روھىي جەھەتتە يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. جامائەت نامىزى بۇنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. نامازنىڭ بىر قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش شەرتى بىلەن يولغا قويۇلۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك روھىنى ئۇرغۇتىدىغان قوزغاتما بولغان.

قۇياش نۇرىنىڭ ھەر بىر گىرادۇس مېھرىدىن سىزىقىغا يۆتكىلىشى بىلەن نورمال ئېيتىلغان ئەزاننىڭمۇ بىردەك توت مىنۇتتا تاماملىنىشى يەر شارىدا ئۈزۈلمەي ئەزان ئاۋازى ياڭراپ، ئىنسانىيەت ئىلكىدىكى ھەر قانداق

ۋاقتىنىڭ ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەتتىن خالىي بولمايدىغانلىقىغا ئىشارە قىلسا، ئاتوم يادروسىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلاردىن تارتىپ، قۇياش سىستېمىسىدىكى پىلانىتا-سەييارىلەرگىچە، ھەتتا سامانيولى سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىدىكى بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش يۆنۈلۈشىنىڭ ھاجىلارنىڭ كەئبە شەرىفنى تاۋاب قىلىش يۆنىلىشى بىلەن بىردەك بولۇشى ئالەم شارىدىكى ئەقلىنى لال قىلىدىغان مۇنتىزىم سەلتەنەتنىڭ تەسبىھىدىن ھاسىل بولغان ئۇمۇمىي خوردىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، مۇسۇلمانلار يىلدا بىر قېتىم تاۋاپ مەركىسى ئۆتكۈزسە، كائىناتتىكى بارلىق ھەر لەھزە ئىچىدە تاۋاپتىدۇر!

«قۇرئان كەرىم»دە ناماز كۆپ قېتىم، ئىسلام دىنىنىڭ نامراتلىققا خاتىمە بېرىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستىسى بولغان زاكات بىلەن بىللە زىكرى قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ماددىيەت بىلەن مەنىۋىيەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان قوش قۇتۇپلۇق خاراكتېرى ئەكس ئېتىدۇ. چوڭ جەھەتتىن، ناماز روھىي ئىبادەت ۋە شەخسىي كامالەت بولسا، زاكات ماددىي ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتتۇر. ناماز ئىنسانغا يۈزلەنگەن بولسا، زاكات ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەندۇر.

نامازدا تاھارەت ئېلىش ۋە باشقا ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت مۇئەييەن تۈزۈم، ساقلىق ئېڭى ۋە ئەمەلىيىتى سىڭگەن ئەقلىي بۆلەكىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى نامازنى نوقۇل ھالدىكى روھىي پائالىيەت قىلىپ قويمىغان. تاھارەتسىز ئوقۇلغان نامازنىڭ مەقبۇل بولمايدىغانلىقىدىن ماس ھالدىكى ماددىي(جىسمانىي)رىيازەت ياندىشمىغان روھىي پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمسىز بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ناماز خۇشاللىققا مەست بولغۇچىلارنىڭ مۇناجاتگاھى، ئىزتىراپ چەككۈچىلەرنىڭ تەسەللىيگاھى، شەيتانىي تۇيغۇ تۇتقۇنلىرىنىڭ نىجاتكارى، تەقۋادارلارنىڭ ۋىسالگاھىدۇر. ۋىسالگاھ (جايىناماز) ئۈستىدىكى ئىستىقامىتىڭىزدە زامان-ماكاندىن ھالقىيالايسىز. دۇئاغا قول كۆتۈرگەن دەملەردە يۈرىكىڭىز قولىڭىزغا چىقىپ قالىدۇ. سىزدە سىر قالمايدۇ، چۈنكى سىز ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇردىڭىز...

نىھايەت، بىز بۇ يازمىمىز ئارقىلىق "نامازدىكى ھېكمەتلەر دەل مۇشۇلار شۇ، بىز شۇڭا ناماز ئوقۇيمىز" دېمەكچى ئەمەس. يۇقىرىقىلار بىر ئادەتتىكى نامازخاننىڭ تۇيۇملىرى، خالاس. ئارىمىزدا تېخىمۇ ئىزگۇ ھېس-تۇيغۇلىرىنى قەلب قەپىزىگە سىغدۇرالمايۋاتقان نامازخانلىرىمىز ئاز بولمىسا كېرەك.

(ئاپتور: مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئەللىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

خەۋەر قىلىنىشىچە، 4-ئاينىڭ 8-كۈنى(جۈمە كۈنى) تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئەللىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى رىياد شەھىرىدىكى 38مىڭ كىشى سىغىدىغان پادىشاھ ئابدۇلئەزىز تەنتەربىيە سارىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن 7000 تەنھەرىكەتچى بۇ داغدۇغىلىق مۇراسىمغا قاتناشقان. بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى "ئىسلام — تىنچلىقتۇر" دېگەن شوئارنى باش تېما قىلغان بولۇپ، "مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى شەكلى ئارقىلىق ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلامنىڭ تىنچلىققا تەلپۈنۈش ئارزۇسىنى نامايان قىلىش"نى مەقسەت قىلغان. رەسمىي مۇسابىقە مەككە مۇكەررەمە، تايىف شەرىف، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ۋە جىددە مۇبارەك شەھەرلىرىدىكى 56 تەنتەربىيە سارىيىدا 18 تۈر بويىچە 4-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ مۇسابىقە ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىن قالسىلا كۆلىمى ئەڭ زور مۇسابىقە ئىكەن. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ، تاماشىبىنلار پۈتۈنلەي ھەقسىز مۇسابىقە كۆرگەن.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئۈچۈن سەئۇدىي ئەرەبىستانى تەنتەربىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 48 مىليون رىيال (ئالاھەزەل 13 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) توپلاپ، 2 يىل تەييارلىق قىلغان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىغە 57 ئىسلام دۆلىتىدىن ئالبانىيە، ئۆزبېكىستان ۋە توگو جۇمھۇرىيىتىدىن باشقا 54 دۆلەت تەنھەرىكەتچىلىرى قاتناشقان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى بۇ يىل سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئۆتكۈزۈش 2001-يىلى 6-ئايدا مالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى باماكو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام ئەللىرى يىغىنىدا قارار قىلىنغان ئىكەن. 4 يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مۇسابىقىنىڭ 2009-يىلدىكى 2-نۆۋەتلىكى ئىراندا، 2013-يىلدىكى 3-نۆۋەتلىكى سۈرىيىدە ئۆتكۈزۈلۈش پىلانلىنىپتۇ. (ش)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش*

جارۇللا يۇسۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## II. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى

ئېستېتىكا — ئېستېتىك ئوبيېكت ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈزەللىك، گۈزەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشى، گۈزەللىكنىڭ تەرەققىياتى، گۈزەللىكنىڭ تۈرى، گۈزەللىكنىڭ كونكرېت ھالەتلىرى، گۈزەللىكنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلاپ، ئىنساننى گۈزەل مەنزىلگە يېتەكلەيدىغان، چىن ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈندەيدىغان ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان نۇرغۇن سۈرە-ئايەتلەر بار. بۇ سۈرە- ئايەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا بېرىدىغان تەربىيىۋى رولى، ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئىنسانلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىككە يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇلاردا بۇنىڭغا ئېرىشىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئېيتقاندىمۇ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن پەندى-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ساماۋى كىتاب. كونكرېتنى ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ دىلىنى ئىمان بىلەن نۇرلاندۇرىدىغان، ئىش- ھەرىكىتىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، گۈزەل ماكان(جەننەت)غا ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان دەرسلىكتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ ئىنسانلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىپ، ئىنسانلاردا ئارزۇ- ئىستەك، غايە، ئىرادە، ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ، ئىنسانلارنى پارلاق، گۈزەل بولغان نىشان(جەننەتكە ئېرىشىش) ئۈچۈن تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. تۆۋەندە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسانلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىپ، گۈزەل مەنزىلگە يېتەكلەش، ئىرادە جەھەتتە چېنىقتۇرۇش، ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلەش، خۇنۇكلۇك ۋە رەزىللىكتىن سەسكەندۈرۈشتەك ئېستېتىكلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

**1. ئىرادە جەھەتتە چېنىقتۇرۇپ، گۈزەل مەنزىل(جەننەت)گە يېتەكلەيدۇ.**

«قۇرئان كەرىم»دە كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىرادىسىنى تاۋلايدىغان، غايە تىكلەپ، ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۆزىدە يۈكسەك، مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەپ ئىككى ئالەملىك ھايات نىشانىنى تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولىدىغان سۈرە-ئايەتلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: "**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىقتا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ**" {سۈرە«رەئدە» (13-سۈرە)، 29-ئايەت}. "**ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتكە)ئېرىشىدۇ**"{سۈرە «ھەج»(22-سۈرە)، 50-ئايەت}. "**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز**"{سۈرە «ئەنكەبۇت» (29-سۈرە)، 9-ئايەت}.

بۇ ئايەتلەرنىڭ كىشىلەردە ئىرادە تىكلەش خاھىشىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، ئايەتتە ئاللاھ ئىنسانلارغا شەرت قويۇپ، شۇ شەرتلەرنى ھازىرلاش بەدىلىگە بېرىدىغان ئەجىر ۋە مۇكاپاتنى ۋەدە قىلغان، يەنى ئاللاھنى بىر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلغان، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن، قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى قىلغانلارنى كاتتا ساۋاب، ئەجىر، مۇكاپات ۋە جەننەتكە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

*ماقالىنىڭ باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا

ۋەدە بەرگەن.

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ھېچقانداق مۇمكىنچىلىك قويۇلماي، ئېنىق ھۆكۈم شەكلىدە بىۋاستە ئېيتىلىشى كىشىلەردە يۈكسەك مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەپ، ئاللاھنىڭ يولىنى تۇتۇش ئىستىكىنى قوزغايدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان "جەننەت" تەسۋىرىمۇ كىشىلەردە جەننەت ۋە جەننەت مەئىشەتلىرىگە بولغان قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش قوزغاپ، جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش خاھىشىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن: **"تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ. ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ"** {سۈرە «فاتىر» (35-سۈرە)، 33-ئايەت}. **"ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (ئۇلارنىڭ) كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ. مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ"** {سۈرە «ياسىن» (36-سۈرە)، 56-، 57-، 58-ئايەتلەر}.

«قۇرئان كەرىم»دە جەننەت تەسۋىرى ئىنتايىن كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، جەننەتنىڭ گۈزەل تەسۋىرى كىشىلەرگە جەننەتكە ئېرىشىش، جەننەتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىش خاھىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە جەننەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي سۈپىتى تەرىقىسىدە جەننەتنى **"ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان باياشات ۋە گۈزەل جاي"** دەپ ئالىدۇ. مۇشۇ بىر تەسۋىرلا «قۇرئان كەرىم»دە، 35 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە كىشىلەرنى ئىرادە جەھەتتە چېنىقتۇرۇپ، پارلاق مەنزىل(جەننەت) گە ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىشى كىشىلەرنى توغرا يولغا، پارلاق مەنزىلگە يېتەكلەش بولۇپ، كىشىدە ئاللاھنىڭ توغرا يولىغا بولغان ئىنتىلىشىنى قوزغاش، ئەڭ مۇھىمى گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىپ، چىن ئىنسانلىق سۈپىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئىرادە تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلغان.

2. ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە شەرھلەنگەن ئېتىكا-ئەخلاق قارىشى ئىسلام دىنى دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە شەكلى سۈپىتىدە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئەخلاقلىق بولۇش ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان مۇھىم تەرەپ بولۇپ، مۇسۇلمانلىق سۈپىتىگە ئىگە بولۇش ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم» سۈرە-ئايەتلىرىدە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتىدىن قارىغاندىمۇ، يەنىلا ئەخلاقلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ھەمدە ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىش، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك باياشات ماكان — جەننەتكە مۇيەسسەر بولالايدىغانلىقى ئېنىق ھۆكۈم قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» ئەخلاقسىزلىققا ياتىدىغان شەخسىي ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىش، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زىنا قىلىش، يالغان سۆزلەش، ساختا گۇۋاھلىق بېرىش، تۆھمەت قىلىش، لەۋزىدە تۇرماسلىق، باشقىلارنى مازاق قىلىش ۋە چېقىۋېلىش، زاڭلىق قىلىش، يامان نىيەتتە گۇمان قىلىش، باشقىلارنىڭ شەخسىي سىرىنى تىڭ-تىڭلاش ۋە يېيىۋېتىش، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، باشقىلارغا غەزەپلىنىش، ھەسەتخورلۇق قىلىش، يالغان سۆزلەپ كۆڭۈل ئېچىش، سەت چاقچاق قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق چەكلەيدۇ. شۇنداقلا بۇلارنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە، مۇددىئاسىغا خىلاپ يامان قىلىقلار دەپ قارايدۇ. گۈزەل ئەخلاققا ياتىدىغان پاكىز بولۇش، سەۋرچان بولۇش، ئاتا-ئانىلارغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا، نامرات يوقسۇللارغا، يېقىن-يىراقتىكى قولۇم-قوشنىلارغا، ساۋاقداشلارغا، ھەمراھلارغا، قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ياردەم قىلىش، نومۇسچان بولۇش، ئەپۇچان بولۇش، چىدامىلىق بولۇش، ئەمگەكچان، مەرد بولۇش، باشقىلارغا تەسەللى بېرىش، قايغۇ-ئەلەمگە ئورتاقلىشىش، كەڭ قورساق، سەمىمىي، ئادىل بولۇش، باشقىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئىناق-ئىتتىپاق بولۇش، ياخشى دوست تۇتۇش، قائىدە-يوسۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر

ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مۆمىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىلار «قۇرئان كەرىم»دە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان، كۆپ ساندىكىلىرى كالامدا قانۇنلاشتۇرۇلغان، جەزمەن ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنغان، بۇيرۇلغان ئىش ـ ئەمەللەردۇر. «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان ئېتىكا-ئەخلاق نۇقتىلىرى چىن ئىنسان بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، ھەقىقىي گۈزەللىككە ئىگە قىلىدىغان نۇقتىلاردۇر. قىلماسلىققا بۇيرۇلغان ۋە قىلىش تەلەپ قىلىنغان بۇ ئەمەللەر ئىنسان ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ مىزانى بولۇش بىلەن، كىشىلەرگە كۆرسىتىلگەن ئەخلاقى ئۆلچەملەر بولۇپ، بۇ ئۆلچەملەرگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت بۇ ئۆلچەملەر بىلەن باھالاپ تۇرۇش تەكىتلەنگەن. ئىسلام دىنى: ئاللاھنى بىر ۋە مەۋجۇت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بەرھەق پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر بۇ نۇقتىلارنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرسە كامىل مۇسۇلمانلىق مەقامىغا يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەش، ئەخلاقلىق بولۇشنى تەكىتلەش «قۇرئان كەرىم» تەرغىب قىلماقچى بولغان مۇھىم كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەخلاقى بىلەن مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، گۈزەللىككە تولغان شەخس ئىدى. شۇڭا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**" {سۈرە«قەلەم» (68-سۈرە)، 4-ئايەت} دەپ تەرىپلىگەن. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۈيۈك ئەدەب-ئەخلاق، پەزىلەت بېرىپ، ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئىنسانىيەتكە ئەۋەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىش- ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقى ۋە ئۆزىدە يېتىلدۈرگەنلىكى بىلەن دۇنياۋى بۈيۈك شەخس، شۇنداقلا، ئۆز ئەدەب-ئەخلاقى بىلەنمۇ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولالىغان شەخس. دېمەك، ئىسلام دىنى ئەخلاقلىق بولۇشنى تەكىتلەيدىغان دىن، «قۇرئان كەرىم» مۇ ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدىغان ۋە بۇيرۇيدىغان پەندى-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق دەرسلىكى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن گۈزەللەشتۈرگەن ئىنساننى مۆمىن مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ قارايدۇ.

**3. خۇنۇكلۇك ۋە رەزىللىكتىن سەسكەندۈرۈپ، گۈزەللىككە ئىنتىلدۈرىدۇ.**

«قۇرئان كەرىم» كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېستېتىك تەربىيە ئاتا قىلىپ، ماھىيەتنى گۈزەللەشتۈرۈشنى مۇددىئا قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇ نۇقتىنى شەرھلەشتە، پەلسەپىۋى قائىدە- قانۇنىيەتلەرنى تەكىتلەش بىلەنلا كۇپايىلەنمىگەن، گۈزەللىكنى نوقۇل پەندى-نەسىھەتنىڭ ئوبيېكتى قىلىۋالمىغان، بەلكى، گۈزەللىك تەربىيىسىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە بولغان تەسىر قىلىش ۋە قوبۇل قىلىنىشچانلىقنى ئۈستۈرۈشتە ئۆزگىچە ئۇسلۇبلار بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن، نەتىجىدە بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. شۇنداقلا، «قۇرئان كەرىم»دە گۈزەللىكنىڭ ئەكسى بولغان خۇنۇك، رەزىللىكلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تىلغا ئېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى تاكامۇللاشتۇرۇلغان. بۇ ئاساسلىقى «قۇرئان كەرىم»دە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى، دوزاخقا كىرىدىغانلار بىلەن جەننەتكە مەنسۇپ ئادەملەر، قىيامەت كۈنىدىكى كىشىلەرنىڭ ھالىتى، جەننەت ۋە دوزاخ مەنزىرىسى ۋە ئۇلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن سۈرە- ئايەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تۆۋەندە، بۇ نۇقتىلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) «قۇرئان كەرىم» دە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى

ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم»دە تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار ئىچىدە خۇنۇك، رەزىل ماھىيىتى بىلەن كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان ئوبرازلار خېلى كۆپ. مەسىلەن: ئىبلىس، پىرئەۋن، قارۇن ئوبرازلىرىدىكى رەزىللىك، خۇنۇكلۇك بىزنى غەزەپلەندۈرۈپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بۇ سەلبىي ئوبرازلارنىڭ يىرگىنچلىك خاراكتېرى بىزنى سەسكەندۈرىدۇ. ئىبلىسنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلىپ، پەرۋەردىگارىدىن يۈز ئۆرىشى، مەڭگۈلۈك لەنەتكە قېلىشى، پىرئەۋننىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆجىزىلىرى ئالدىدا ھەقنى ئېتىراپ قىلماي ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشى، ئاللاھقا ئۆزىنى شېرىك كەلتۈرۈشى بىزنى غەزەپلەندۈرسە، قارۇننىڭ ئاللاھ ئاتا قىلىپ بەرگەن مال-دۇنياغا شۈكرى قىلماي، مال دۇنياغا ئېرىشىش ئارزۇسىنى ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتىش ئورنىغا

دەسستىنشى، ئاچكۆز، تويماس، ياۋۇزلۇقى، نەپسانىيەتچىلىكى بىزنى يىرگەندۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، پىرئەۋن ۋە قارۇن بىلەن ھەققانىيەت، ئادالەت ئۈستىدە كۆرەش قىلىپ، ھاردىم-تالدىم دېمەي ئاللاھنىڭ ھەق-توغرا يولىنى تەرغىپ قىلغان، ئاللاھنىڭ توققۇز مۆجىزىسىگە نائىل بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولسا ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرد، كەڭ قورساق، قورقماس، قەيسەر، باتۇر ئوبرازى بىزنى سۆيۈندۇرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام خاراكتېرىدىكى گۈزەللىك، ئىلغار، ئىجابىي تەرەپلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرىدۇ.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»دە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار پۈتۈنلەي ئىجابىي شەخسلەرلا بولماستىن، سەلبىي شەخسلەرمۇ سۈرەتلەنگەن. ئىجابىي شەخسلەر بىلەن سەلبىي شەخسلەر ياندىشتۇرۇلۇپ ۋە كىرىشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن.

① ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە سەلبىي شەخسلەرنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ خۇنۇك، رەزىل ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئىجابىي شەخسلەرنىڭ(ئاللاھنىڭ توغرا، ھەق يولىدا ماڭغۇچىلارنىڭ) روھىي گۈزەللىكىنى، چىن ئىنسانلىق ماھىيىتىنى ۋە گۈزەل خاراكتېر، ئوبرازىنى تېخىمۇ يورۇتىدۇ. كىشىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشقا چاقىرىدۇ.

② كىشىلەرنى سەلبىي شەخسلەرنىڭ خۇنۇك، رەزىل ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلاردەك ئېچىنىشلىق تەقدىر، ھالاكەتلىك ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەگەر سەلبىي شەخسلەرنىڭ خۇنۇك ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن بولسا، ئىجابىي شەخسلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرى، گۈزەل خاراكتېرى ئالاھىدىلىكى ئۇنچىۋالا تولۇق ئىپادىلەنمىگەن، قۇرئان ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، ئۇلارنى سۆيۈندۈرەلمىگەن بولاتتى.

2) «قۇرئان كەرىم»دىكى شەيئىلەر تەسۋىرى

«قۇرئان كەرىم»دە تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر ئىچىدىمۇ خۇنۇكلۇك، رەزىللىك ئىپادىسىنى تاپقان ئوبيېكتلار ئاز ئەمەس، بۇ شەيئىلەرنىڭ خۇنۇك، رەزىل تەرەپلىرىمۇ بىزنى ئوخشاشلا يىرگەندۈرۈپ، گۈزەللىككە، ئىلغارلىققا يۈزلىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. تۆۋەندە، بىز نۇقتىلىق قىلىپ «قۇرئان كەرىم»دە سۈرەتلەنگەن ”دوزاخ“، ”جەننەت“ تەسۋىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

”دوزاخ“ ۋە ”جەننەت“، «قۇرئان كەرىم»دە كۆپ سۈرىلەردە تىلغا ئېلىنغان. «قۇرئان كەرىم»دە دوزاخ ئەڭ قورقۇنچلۇق جاي بولۇپ، دوزاخ تەسۋىرلەنگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغان كىشىنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ. مەسىلەن: **”بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا(ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە- پەرياد چېكىدۇ“**{سۈرە «ھۇد» (11-سۈرە)، 106-ئايەت}؛ **”ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ“**{سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 16-ئايەت}؛ **”ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلايدۇ“**{سۈرە «ھاققە» (69-سۈرە)، 32-ئايەت}؛ **”ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ- باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ“**{سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 19-، 20-ئايەتلەر}؛ **”ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ“**{سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 21-ئايەت}؛ **”ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر“**{سۈرە «ھاققە» (69-سۈرە)، 36-ئايەت}.

بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ھالىتى ۋە مۇدھىش مەنزىرىسىدىن تېنىمىز شۈركىنىدۇ. دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشىدىن يۈرىكىمىز سىقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدىمىزدا، دوزاخنىڭ خۇنۇك قىياپىتى، ئازاب، مۇشەققەتلىك ھالىتىدىن ئەنسىرەش، قورقۇش شەكىللىنىدۇ. شۇنداقلا، دوزاخ ئازابىغا گىرىپتار بولۇشتىن ساقلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ.

قىسقىچە ئېيتقاندا، دوزاخنىڭ ئازاب ۋە مۇشەققەت بىلەن تولغان ماھىيىتى ئىنسانلارنى سەسكەندۈرىدۇ. مەڭگۈ باياشاتلىق، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق بىلەن تولغان ماكان — جەننەتكە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ”جەننەت“ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: **”شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ“**{سۈرە «كەھف» (18-سۈرە)، 107-ئايەت}؛ **”ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇيەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىدە داخىل قىلىمىز“**{سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 57-ئايەت}؛ **”ئۇلارنى**

(ئاخىرى 47-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.net

# ئىسلامدا تەقۋادارلىق توغرىسىدا

ئادىل ھاجى كېرەم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

" تەقۋا " ئەرەبچە سۆز بولۇپ، خاس مەنىسىدە " گېپى ئاز " دېگەن مەنىنى ، كەڭ دائىرىدە "ئۆزىنى پاك ساقلاش، ھەزەر ئەيلەش، زىيانلىق ۋە مەكروھ-قاباھەتلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش" دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شەرىئەتتىكى ئىستېمال مەنىسىدە " ئاللاھقا تائەت-ئىبادەتتە بولۇش، ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانىغا بويسۇنۇش، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە ھېسابىدىن قورقۇش " دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

تەقۋا سۆزى «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 258 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولۇپ، جانابى ئاللاھ 70 ئايەتنى بەندىلەرگە ئەمرى-پەرمان شەكلىدە نازىل قىلغان. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگەندەك: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار"**{سۈرە«تەۋبە»، 9-سۈرە، 119-ئايەت}.

«قۇرئان كەرىم» يەنە مۇتتەقىيلەر (يەنى تەقۋادارلار)نىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئۇلار (تەقۋادارلار) غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 3—4-ئايەتلەر}.

تەقۋادار مۇسۇلمان ھەمىشە ھوزۇر قەلب بىلەن ئاللاھنىڭ ئەزەمەتى ۋە پەزلى-كەرىمىگە كۆپ ھەمدىلەرنى ئېيتىدۇ، ئۆزلىرىنى گۇناھى كەبىرەلەردىن يىراق تۇتۇپلا قالماي ھەتتا گۇناھى سەغىرەلەردىنمۇ پاك بولۇپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

تەقۋادارلىق يەنە ئىسلامىي پەزىلەت، ئىجابىي ئەمەللەر ۋە تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن ئۆز مەنىسىنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە تەقۋادارلىق ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە(يەنى پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىبرىشىشگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر"**{سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 177-ئايەت}.

تەقۋادارلىق ئىسلامدا زور مەرتىۋىگە ئىگە بولغاچقا، جانابى ئاللاھنىڭ ئادەم ئەۋلادلىرىغا قىلغان تۇنجى نەسىھەتى تەقۋادار بولۇش ئۈستىدە بولغان: **"ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر"** {سۈرە«ئەئراف»(7-سۈرە)، 26-ئايەت}. جانابى ئاللاھ يەنە مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىلگىرى ساماۋى كىتاب بېرىلگەن ئۈممەتلەرگە تەقۋادارلىقنى ئەمرى قىلغان: **"سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق"**{سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 131-ئايەت}.

**"راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر، ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر"** {سۈرە «يۇنۇس» (10-سۈرە)، 62-، 63-ئايەتلەر}. «قۇرئان كەرىم»دە بەندىلەر ئىچىدىكى ئەڭ تەقۋادار بولغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغانلار دېگەن ئېتىبار بىلەن يۈكسەلدۈرۈلگەن. **"ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 13-ئايەت}. جەننەت تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن. **"ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر، تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 30-ئايەت}. **"بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇ"** {سۈرە «مەريەم» (19-سۈرە)، 63-ئايەت}.

«قۇرئان كەرىم»دە تەقۋادارلىق يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىپ كەلگەن:

1. خۇسۇمەتچىلەرگە ئادىل بولۇش جەھەتتە: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشتا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر"** { سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 8-ئايەت}.

2. كىشىلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە: **"ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھتىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 130-ئايەت}.

3. ھالال بىلەن ھارام مەسىلىسىدە: **"(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى تىڭشىغۇچى) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار"** {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 100-ئايەت}.

ئاللاھقا تەقۋادار بولغان مۆمىن مۇسۇلمان ناھايىتى كۆپ مۇكاپاتلارغا ۋە ساۋابلارغا مۇشەررەپ بولالايدۇ. مەسىلەن:

1. ئاللاھ بىلەن بىللە بولۇش شاراپىتىگە مۇشەررەپ بولالايدۇ: **"ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر"** {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 128-ئايەت}.

2. ئاللاھ دوست تۇتقان بەندىلەر قاتارىدىن بولالايدۇ: **"ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار (ئاللاھ دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)، چۈنكى ئاللاھ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 76-ئايەت}.

3. ئاللاھنىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ: **"مۇسا ئۆز قەۋمىگە: 'ئاللاھتىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ' دېدى"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 128-ئايەت}.

4. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە ھىدايىتىگە ئېرىشەلەيدۇ: **"ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر"** {سۈرە «ھەدىد» (57-سۈرە)، 28-ئايەت}.

ئومۇمەن، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە تەقۋادارلىق ۋە ئۇنىڭ ئىسلامدىكى مەرتىۋىسى ئۈستىدە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر زىكىر قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىبادەت ۋە دۇنياۋى مۇئامىلىلەردە ھەرۋاقىت تەقۋادارلىقنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشلىرىنى چاقىرىق قىلىدۇ: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار"** {سۈرە « ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 102-ئايەت}. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: **"سەن نەدىلا بولمىغىن ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلغىن"** دېگەن (دارەمىي رىۋايەت قىلغان).

# غۇسلى تاھارەت توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**س . غۇسلىنىڭ سۆز مەنىسى نېمە ؟**

ج .غۇسلى ئەرەبچە ”غسل“ دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، سۇنىڭ شەيئى ئۈستىدە ئاققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**س . غۇسلىنىڭ دىنىي مەنىسى نېمە ؟**

ج : ئېغىزنى غەر-غەر قىلىپ چايقاش، ئىستىنشاق قىلىش يەنى بۇرۇنغا دىماغقىچە سۇ بېرىپ، بېسىم بىلەن چىقىرىپ تاشلاش ۋە پۈتۈن بەدەننى ئالا قويماي يۇيۇش.

**س .غۇسلى نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ج.غۇسلى پەرز غۇسلى ۋە سۈننەت غۇسلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**س .پەرز غۇسلى بىلەن سۈننەت غۇسلىنىڭ پەرقى نېمە؟**

ج .پەرز غۇسلى بىلەن سۈننەت غۇسلىنىڭ تەرتىپى، قائىدىسى ئوخشاش، پەقەت پەرز ۋە سۈننەت دەپ ئايرىپ ھۆكۈم قىلىش جەھەتتە ئوخشاشمايدۇ.

**س. قانداق ئەھۋال ئاستىدا غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ ؟**

ج. تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى يۈز بەرسە، چوڭ تاھارەتسىزلىك شەكىللىنىپ، غۇسلى قىلىش پەرز بولىدۇ.

1-ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ئۇيقۇ ياكى ئويغاق ھالەتتە شەھۋەت بىلەن مەنىي تۆككەن بولسا؛

2-ئىككى خەتنەگاھ ئۇچراشسا، يەنى ئەر كىشى ھەشەفە (زەكەر ئۇچى، خەتنە قىلىنغان قىسمى)نى ئايال كىشىنىڭ ئالدى-كەينىگە، ئەرنىڭ كەينىگە كىرگۈزسە(يەنى ئىسلامدا ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بەچچىۋازلىق قىلسا)، مەيلى مەنىي تۆكسۇن، تۆكمىسۇن، بۇ خىل ئەھۋالدا ئىككىلا تەرەپنىڭ غۇسلى قىلىشى پەرز(يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالدا كىشى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن جۇنۇپ بولغان بولىدۇ)؛

3- ھەيزدارنىڭ ھەيزى توختىغان بولسا؛

4- نىفاسدارنىڭ نىفاسى(تۇغۇتتىن كېيىن كەلگەن خۇن) توختىغان بولسا؛

5- مۇسۇلمان ئادەم ئۆلۈپ كەتسە (شەھىد بۇنىڭ سىرتىدا)؛

6- غەيرى مۇسۇلمان ئىسلام دىنىغا كىرسە.

**س: جەنابەت (جۇنۇپلۇق )دېگەن نېمە؟**

ج: غۇسلى قىلىش پەرز بولىدىغان يۇقىرىقى ئالتە خىل ئەھۋالنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھالىتىدە بولۇش جەنابەت دەپ ئاتىلىدۇ.

**س: جۇنۇپ دېگەن نېمە ؟**

جەنابەت ھالىتىدە بولغۇچى ئادەم جۇنۇپ دېيىلىدۇ.

**س: مەزى(مەنىدىن سۇيۇقراق ئىسپېرما)ۋە ۋەدى(مەزىدىن سۇيۇقراق ئىسپېرما) چىققان بولسا غۇسلى قىلىش پەرز بولامدۇ ؟**

ج: پەرز بولمايدۇ، بىراق بۇ ئىككىسى كىچىك تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ (غۇسلى ئادەتتە چوڭ تاھارەت دەپ ئاتىلىدۇ).

**س: سۈننەت غۇسلى دېگەن نېمە ؟**

ج: غۇسلى قىلىشنى پەرز قىلىدىغان يۇقىرىقىدەك ئەھۋال يۈز بەرمىگەن ئەھۋالدا، جۈمە، ئىككى ھېيت، ھەجگە ئېھرام باغلاش ۋە ئەرەفە كۈنى ئەرەفاتتا ۋۇقۇف قىلىش(تۇرۇش)ئۈچۈن غۇسلى قىلىش سۈننەتتۇر.

**س: غۇسلىنىڭ پەرزلىرى قايسىلار ؟**

ج: 1-ئېغىزنى ھەلقۇمغىچە غەر-غەر قىلىپ چايقاش؛

2-بۇرنىغا دىماغقا يەتكۈزۈپ سۇ بېرىش؛

3-پۇتۇن بەدەننى بىر قېتىم يۇيۇش.

**س: غۇسلدىكى پەرزلەرنىڭ تەپسىلاتى قايسىلار؟**

ج: 1-ئاغزىنى چايقاش؛

2-بۇرنىغا سۇ بېرىش؛

3-بەدەننى بىر قېتىم يۇيۇش؛

4- مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا ئەرلىك ئەزانىڭ پۆپۈكى ياكى قاتلىقىنىڭ ئىچىنى يۇيۇش؛

5- كىندىكنى سۇ ئۆتكۈزۈپ يۇيۇش؛

6-پۆتمىگەن (يارا ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئېچىلىپ قالغان) تۆشۈكنى يۇيۇش؛

7- ئايال كىشىنىڭ ئۆرۈلگەن چېچىنىڭ ئىچىنى يەنى چاچنىڭ تېگىنى سۇ يەتكۈزۈپ ھۆللەش(ئەر كىشى چېچى ئۆرۈلگۈك بولسا چۇۋۇپ يۇيۇش كېرەك)؛

8-ساقالنى تېگىگە، يەنى ساقال چىققان تېرىگە سۇ ئۆتكۈزۈپ يۇيۇش؛

9-بۇرۇتنى تېگىگە سۇ ئۆتكۈزۈپ يۇيۇش؛

10- قاشنى تېگىگە سۇ ئۆتكۈزۈپ يۇيۇش؛

11-ئايالنىڭ جىنسىي ئەزانىڭ تاشقىرى تەرىپىنى يۇيۇش.

(بۇ 11 پەرز تەپسىلاتى يۇقىرىدىكى ئۈچ پەرزنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ)

**س: غۇسلىنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟**

ج: 1-(كۆڭلىدە)نىيەت قىلىش؛

2-"بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم" بىلەن باشلاش؛

3- ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش؛

4-بەدىنىدە نىجاسەت بولسا يۇيۇۋېتىش؛

5-ئاندىن كىچىك تاھارەت ئېلىش؛

6-يۇغاندا ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش؛

7- پۇتىنى يۇيۇشنى ئەڭ ئاخىرىغا كېچىكتۈرۈش(ئەگەر سۇ يىغىلىۋالىدىغان يەردە تۇرغان بولسا)؛

8-سۇ قۇيۇشنى بېشىدىن باشلاش؛

9- ئاۋۋال ئوڭ مۈرىسىنى، ئاندىن سول مۈرىسىنى يۇيۇش(يۇيۇشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش)؛

10-بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇش.

**س: غۇسلىنىڭ مۇستەھەبلىرى قايسىلار؟**

ج: 1-گەدىنىگە مەسىھى قىلىش(بۇ غۇسلىدىن بۇرۇن كىچىك تاھارەت ئالغاندا ئورۇنلىنىپ بولىدۇ)؛

2-ئېگىزرەك يەردە تۇرۇپ غۇسلى قىلىش؛

3-غۇسلى قىلىشقا باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىق؛

4-قىبلىگە قارىماسلىق (يالىڭاچ قىبلىگە قاراش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ)؛

5-بەلگىلەنگەن دۇئا، تەسبىھلەردىن باشقا گەپلەرنى قىلماسلىق؛

6-نىيەتنى دىلى بىلەن تىلدا تەڭ قىلىش؛

7-ھەربىر ئەزانى يۇغاندا"بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم" دېيىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس دۇئالىرىنى ئوقۇش؛

8-كىچىك بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش؛

9-بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى مىدىرلىتىپ قويۇش؛

10-ئوڭ قولى بىلەن ئاغزىغا سۇ ئېلىش؛

11-ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىغا سۇ بېرىش؛

12-سول قولى بىلەن بۇرنىنى قېقىش؛

13-غۇسلىدىن كېيىن شاھادەت ئوقۇش؛

14-ئاشقان سۇدىن ئۆرە تۇرۇپ ئىچىپ قويۇش(يەنى ئىشلەتكەن سۇنىڭ پاكلىقىنى ئىپادىلەش)؛

15-ئاخىرىدا "ئەللاھۇممەجئەلنى مىنەتتەۋۋابىين ۋەجئەلنى مىنەل مۇتەتەھھىرىين"(ئى ئاللاھ مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن)دېيىش.

بۇنىڭدىن باشقا «قەدر» سۈرىسىنى ئوقۇش، ناماز ئوقۇش مەكروھ بولمايدىغان ۋاقىتتا ئىككى رەكئەت نەفلى ناماز ئوقۇش، سۇ تەگمەي قالىدىغان چوڭقۇر، يوچۇق جايلارنى ئاختۇرۇش (غۇسلىنىڭ مۇستەھەبلىرى كىچىك تاھارەتنىڭ مۇستەھەبلىرىگە ئوخشاش، بىراق تاھارەت ئالغاندا قىبلىگە قاراش مۇستەھەب).

**س: غۇسلىنىڭ نىيىتى نېمە؟**

ج: غۇسلىنىڭ نىيىتى: "نەۋەيتۇ ئەن ئەغتەسىلە غۇسلەن مىنەلجەنابەتى رەفئەن لىلھەدەسى ۋەستىباھەتەن لىسسەلاتى تەقەررۇبەن ئىلەللاھى تائالا" (تاھارەتسىزلىكنى يوقىتىش، ناماز ئوقۇشنى دۇرۇس قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن جەنابەت غۇسلىسى قىلىشنى نىيەت قىلدىم). بۇ جەنابەت غۇسلىسىنىڭ نىيىتىدۇر.

**س: ئەگەر كىشى جۇنۇپ بولماي سۈننەت غۇسلىسى قىلسا قانداق نىيەت قىلىدۇ؟**

ج: سۈننەت غۇسلىنىڭ نىيىتى" نەۋەيتۇ ئەن ئەغتەسىلە غۇسلەن رەفئەن لىلھەدەسى ۋەستىباھەتەن لىسسەلاتى تەقەررۇبەن ئىلەللاھى تائالا"(تاھارەتسىزلىكنى يوقىتىش، نامازنى دۇرۇس قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلدىم).

**س: غۇسلىنىڭ نىيىتىنى ئەرەبچە دېيەلمىسە قانداق**

قىلىدۇ؟

ج: ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى دېسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەرەبچىسىنىمۇ، ئۇيغۇرچىسىنىمۇ دېمەي دىلىدا نىيەت قىلسىمۇ غۇسلى جايىز بولىدۇ. چۈنكى غۇسلىنىڭ نىيىتىنى دىلى بىلەن تىلىدا بىرلەشتۈرۈپ دېيىش مۇستەھەب. كۆڭلىدە نىيەت قىلىش سۈننەت.

**س: غۇسلىدىكى مەكروھلار قايسىلار ؟**

ج: تاھارەتتە مەكروھ بولغان ئىشلار غۇسلىدىمۇ مەكروھ بولىدۇ:

1- سۇنى ئىسراپ قىلىش؛
2- سۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئاز ئىشلىتىش؛
3- سۇنى يۈزىگە ئۇرۇش؛
4- غۇسلى قىلىۋېتىپ گەپ قىلىش؛
5- ئۆزرىسىز باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش.

**س: جۈنۈپ كىشىگە قانداق ئىشلارنى قىلىش ھارام؟**

ج: جۈنۈپ كىشىگە ناماز ئوقۇش، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش، قۇرئاننى تۇتۇش، قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش، قۇرئاننى يادقا ئوقۇش، مەسچىتكە كىرىش ھارامدۇر.

**س: غۇسلىنىڭ تەرتىپى قانداق؟**

ج: ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى يۇيىدۇ، ئاندىن ئىستىنجا قىلىدۇ. بەدىنىنىڭ قايسى يېرىدە نجاسەت بولسا شۇ يەردىن نجاسەتنى تازىلايدۇ. ئاندىن نامازغا ئالغان تاھارەتتەك تاھارەت ئالىدۇ. ئاندىن بېشىغا ۋە پۈتۈن بەدىنىگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇپ يۇيىدۇ، قۇلاق، قولتۇق، كىندىك قاتارلىق سۇ تەگمەي قېلىش ئېھتىمالى بار بولغان جايلارنى ئاقتۇرۇپ سۇ يەتكۈزىدۇ. ئەگەر مەينەت سۇ يىغىلىۋالىدىغان يەردە غۇسلى قىلسا، غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ پۇتنى يۇيىدۇ.

**س: جۈنۈپ ئادەمنىڭ قۇرئاننى ئوقۇشىغا مۇتلەق بولمامدۇ ؟**

ج: جۈنۈپ كىشى مەخسۇس قىرائەت قىلىش مەقسىتىدە قۇرئان ئوقۇسا قەتئىي بولمايدۇ. بىراق دۇئا، سانا ، زىكرى ئېيتىش مەقسىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇسا بولىدۇ.

**س: جۈنۈپ كىشى قۇرئانغا قارىسا بولامدۇ ؟**

ج: بولىدۇ. بىراق تۇتسا، ئوقۇسا بولمايدۇ.

**س: جۈنۈپ كىشى ئادەمگە قارىسا بولامدۇ؟**

ج: جۈنۈپ تۇرۇغلۇق ئادەمگە قاراش زۆرۈرلىكى بولغاندا قارىسا بولىدۇ. بىراق غۇسلى قىلىپ بولۇپ قارىغان ياخشى. چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرە مەدىنە يوللىرىنىڭ بىرىدە جۈنۈپ ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاستا ئايرىلىپ قېلىپ، غۇسلى قىلغىلى (ئۆيىگە) بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاپالمايدۇ. ئۇ كەلگەندە: "ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن نەدە بولدۇڭ؟" دەيدۇ. ئۇ: "ئى رەسۇلۇللاھ! سىز ماڭا مەن جۈنۈپ ھالەتتە ئۇچراپ قالدىڭىز، مەن سىز بىلەن(بۇنداق ھالەتتە) بىللە بولۇشنى كەرىھ(يامان) كۆردۈم، شۇنىڭ بىلەن غۇسلى قىلىپ كەلدىم"، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "***سۇبھانەللاھ، ھەقىقەتەن*** مۆمىن دېگەن نجىس بولمايدۇ" دېگەن(مۇسلىم رىۋايىتى).

**س: جۈنۈپ ئايال بالا ئېمىتسە بولامدۇ ؟**

ج: بولىدۇ. بىراق غۇسلى قىلىپ بولۇپ ئېمىتكەن ياخشى، ئەگەر جۈنۈپ ھالەتتە ئېمىتىشكە توغرا كەلسە، يۈز- قولىنى ۋە كۆكسىنى يۇيۇۋېتىپ ئاندىن ئېمىتسە بولىدۇ.

**س: جۈنۈپ ئادەم سوھۇرلۇق يېسە بولامدۇ؟**

ج: جۈنۈپ ئادەم غۇسلى قىلغۇچىلىك تاڭ يورۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولۇپ قالسا، جۈنۈپ ھالەتتە يۈز- قولىنى پاكىز يۇيۇپ، سوھۇرلۇق يەپ بولۇپ ئاندىن غۇسلى قىلسا بولىدۇ.

**س: جۈنۈپ ئادەم جۈنۈپ ھالەتتە ئۇخلىسا، يېسە، ئىچسە بولامدۇ؟**

ج: ناماز ۋاقتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇخلىسىمۇ، يۈز-قولىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئىچسىمۇ، يېسىمۇ بولىدۇ. لېكىن دەرھال غۇسلى قىلغىنى ياكى كىچىك تاھارەت ئالغىنى ياخشىراق.

**س: ئەگەر كىشى كىچىك تاھارەت ئالماي غۇسلى قىلغان بولسا بولامدۇ؟**

ج: غۇسلىنىڭ ئاغزىغا، بۇرنىغا سۇ بېرىش، پۈتۈن بەدەنىنى يۇيۇشتىن ئىبارەت ئۈچ پەرزىنى ئادا قىلسا غۇسلىغا كۇپايە قىلىدۇ. لېكىن غۇسلىنىڭ سۈننەت- مۇستەھەبلىرى تەرك ئېتىلگەنچىكە ئۇنىڭ پەزىلىتى زور بولمايدۇ.

**س؛ غۇسلى قىلىپ بولغاندا پۇتنى باشقا يەرگە يۆتكىلىپ يۇيۇشقا مۇمكىن بولمىسا، غۇسلى قىلغان يەردە يۇيسا بولامدۇ؟**

ج: ئەگەر مەينەت سۇنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنالىسا غۇسلى قىلغان يەردىلا پۇتنى يۇيسا بولىدۇ. چۈنكى غۇسلى قىلغان يەردىن يۆتكىلىپ پۇتنى يۇيۇش



www.uyghurkitap.com

غۇسلى قىلغان جايدا يىغىلىپ قالغان مەينەت سۇنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

**س: قانچىلىك سۇدا غۇسلى قىلسا بولىدۇ؟**

ج: ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا سۇ ئىشلەتسە بولىدۇ، سۇنى ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ، ئىسراپ قىلمىدىم دەپ بەك ئاز ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ.

**س: غۇسلى بىلەن تاھارەتنىڭ پەرقى نېمە ؟**

ج: تاھارەت ئادەتتە نامازغا ئالىدىغان تاھارەتنىمۇ، غۇسلىنىمۇ، تەيەممۇمنىمۇ ۋە كىيىم-كېچەك، نەرسە-كېرەك، ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇنلارنى تازىلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ئۇقۇم. ئەمما ئادەتتە نامازغا ئالىدىغان كىچىك تاھارەت ''تاھارەت'' دەپ، پۈتۈن بەدەننى يۇيۇش''چوڭ تاھارەت (غۇسلى) '' دەپ ئاتىلىدۇ.

**س: غۇسلىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە ؟**

ج: بەدەن، كىيىم-كېچەك، ناماز ئوقۇلىدىغان جايلارنىڭ ھەقىقىي نجاسەت(كۆزگە كۆرۈنىدىغان پاسكىنا نەرسىلەر)لەردىن پاكىز بولۇشى ئەمەلىي تاھارەت(پاكىزلىق)دەپ ئاتىلىدۇ، تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالارنى يۇيۇش، شۇنداقلا پۈتۈن بەدەننى جەنابەتتىن پاكلاش ئۈچۈن يۇيۇنۇش بولسا ھۆكۈم جەھەتتىكى تاھارەت دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك تاھارەتسىزلىك بىلەن جۇنۇپلۇق ھالەتتە گەرچە ئەزا ياكى بەدەندە كۆزگە كۆرۈنىدىغان نجاسەت بولمىسىمۇ، بىراق بۇ خىل ھالەتلەردە ھۆكمىي نجاسەت بار، دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇنداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئادەم تاھارەتنىڭ سۇنۇشى ۋە جۇنۇپلۇق سەۋەبىدىن ئۆز ۋۇجۇدىدا بىر خىل ناپاكلىقنى، ھارغىنلىقنى ھېس قىلىدۇ، تاھارەت ۋە غۇسلى بۇ خىل روھىي ناپاكلىقنى يوقىتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نجاسەتلەردىن ئۆزىنى پاك تۇتۇشىنى قاتتىق تەكىتلىشى ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىققا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى، ئۆزىنىڭ پاكلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ يۇكسەك ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

**س: غۇسلى قىلىشنىڭ مەقسىتى نېمە؟**

ج: غۇسلى قىلىشتىكى مەقسەت پاكىز بولۇش.

**س: غۇسلى قىلىشتىكى مەقسەت پاكىز بولۇش بولغانىكەن، ئۇنداقتا كىشى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، پەقەت جىنسىي ئەزاسىنىلا يۇيسا ئۇ كىشى پاك بولامدۇ؟**

ج: بولمايدۇ، چۈنكى غۇسلى قىلىش جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ياكى غۇسلىنى پەرز قىلغۇچى باشقا ئامىللارنىڭ بىرەرسى يۈز بەرگەندىن كېيىن پەرز بولىدۇ. پەقەت جىنسىي ئەزاسىنىلا يۇيغان ئادەم زاھىرىي جەھەتتە پاكىز بولغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق دىنىي (ھۆكۈم)جەھەتتە پاك ھېسابلانمايدۇ. غۇسلى قىلىش بىر مۇقەددەس ئىلاھىي ئەمرى بولۇپ، ئۇنى ئىلاھىيلىق ئاڭ كاللىسىدىن ئۆتكەن كىشىلەرلا دىنىي مەنىسى بىلەن ئادا قىلىدۇ.

**س: ئەگەر جۇنۇپ ئادەم پەقەت زاھىرىي، جىسمانىي جەھەتتىلا پاكىز بولۇش ياكى ھاردۇق چىقىرىش مەقسىتىدىلا يۇيۇنسا غۇسلى قىلغان بولامدۇ؟**

ج: غۇسلى قىلغان بولمايدۇ، بەلكى يۇيۇنغانلىق بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غۇسلى قىلىش ماھىيەتتە ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان ئىبادەت، ئاندىن(جىسمانىي جەھەتتە) تازىلىقتۇر.

**س: كىشى جۇنۇپ بولسا ماھىيەتلىك نجىس بولۇپ ئىماندىن پۈتۈنلەي ئاجرامدۇ ياكى ئىمانى سۇسلىشامدۇ؟**

ج: مۆئمىن كىشى ھالال يول بىلەن جۇنۇپ بولغان بولسا، گەرچە شەرئى ھۆكۈم جەھەتتە ناپاك دەپ ئاتالسىمۇ، بىراق مۆمىنلىك ئەسلى ماھىيىتىدىن نجىس بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: ''**مۆئمىننى ھېچ نەرسە نجىس قىلمايدۇ**'' دېگەن. ئۆز ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ياخشى ئىش بولغانلىقتىن ئەر-ئايال ئىككىلىسى ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە روھىي جەھەتتە كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، ئۆزىنى ئازادە، پاك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر كىشى زىناغا ئوخشاش ھارام يوللار بىلەن جۇنۇپ بولسا، ئۇ كىشى ماھىيەت جەھەتتىنمۇ، شەرئى ھۆكۈم جەھەتتىنمۇ نجىس بولىدۇ. چۈنكى ئادەم گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن نجىس بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''زىنا قىلغۇچى زىنا قىلىۋاتقاندا، **مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ**'' دېگەن(بۇخارى رىۋايىتى).

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# غەيۋەت- شىكايەت ۋە ئۇنىڭ زىيىنى توغرىسىدا

ئالىمجان داموللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

سۆز ئېغىزدىن چىقماستا ئادەم ئۇنى باشقۇرغان بىلەن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. جۈملىدىن، غەيۋەت- شىكايەتمۇ ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق تارايدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆز- چۆچەك، ئېغۋا، پىتنە- پاسات(نەھى قىلىنغان ھەرىكەت) بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇلغاپ، مەنىۋىيەتنى زەھەرلەيدىغان ئالۋاستى ماھىيەتلىك كېسەل — مەنىۋى راكتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن كېيىنلا ئىجتىمائىي ئەدەب- ئەخلاققا ئائىت مەسىلىلەر دىققەت نەزىرىمىزنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئىسلام شەرىئىتىمىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار ئەدەب- ئەخلاق مىزانلىرى ئوبىكتىپلىقى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ كىچىك ھالقىلىرىغىچە چەمبەرچاس چېتىلغان. ئۇ بارلىق ئەخلاقىي تىل- ھەرىكەتلەرنى ئۇلۇغلاپ ھەم مەدھىيىلەپ، ئەخلاققا مۇخالىپ كېلىدىغان يامان ئادەت، يامان ئىشلارنى چەكلەپ، تەنقىدلەپ، رەت قىلىپ كەلگەن. جەمئىيەتتىكى نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، دوستلۇق، ھەمنەپەسلىك، ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ كەلگەن غەيرىي ئىللەتلەرنىڭ بىرى ”غەيۋەتخورلۇق“ تۇر.

غەيۋەت-شىكايەت دوست- يارەن، ئەر- ئايال، ئۇرۇق- تۇققان، قۇلۇم- قوشنا، چوڭ- كىچىك، ئاجىز- كۈچلۈكلەر ئوتتۇرىسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەس جېدەل- خاپىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ئىشەنچ- ساداقەت سۇسلىشىدۇ- دە، ئەخلاقىي مەدەنىيەت، ئادىمىي مۇناسىۋەت، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە تەرەققىياتقا ماھىيەتلىك زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇنداق بولمىغۇر قىلمىشنى «قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **”بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى يامان كۆرىسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلار قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر“** {سۈرە «ھۇجۇرات»(49-سۈرە)، 12- ئايەت}. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، غەيۋەت قىلىش ئەنە شۇنداق قەبىھ قىلمىش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**غەيۋەتنىڭ** نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟“ دەپ سورىغان، ساھابىلەر: ”بۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ“ دېيىشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**(غەيۋەت دېگەن) قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەر بىلەن تىلغا ئېلىشىڭدۇر**“ دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەر دېگەنلىرىم قېرىندىشىمنىڭ ۋۇجۇدىدا بولسا قانداق قارايسەن دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”دېگەنلىرىڭ ئۇنىڭدا تېپىلىدىغان بولسا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭدا تېپىلمايدىغان بولسا ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولىسەن“** دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يوقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئايانكى، مۇسۇلماندارچىلىقتا كامىل بولۇشنى نىيەت قىلغان كىشى پايدىسىز گەپ- سۆز، يەنى غەيۋەت- شىكايەتتىن ساقلىنىشى، سۆز قىلىشتا سەممىي- ئېھتىياتچان بولۇپ، ئېغىزدىن چىقىۋاتقان ھەربىر گەپ- سۆزنىڭ ئەدەبلىك- ئىلمىي بولۇشىغا ئېتىبار بېرىشى، قىلىسىمۇ- قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئازارى سۆزلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىلماسلىقى سۈننەتتۇر. چۈنكى دۇرۇس بولمىغان ئۇسەك گەپ- سۆزنىڭ نەتىجىسى ھارام ياكى مەكروغا ئۇلىشىپ قالىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، غەيۋەت- شىكايەت ئىنسانلارغا تۆۋەندىدەك تالاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

1. ئىماندا مەسىلە بارلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: ”**ئى، تىلى بىلەن ئىمان ئېيتقان، ئىمان دىلىغا ئورناشمىغانلار جامائەسى، مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماڭلار، كىمكى ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ، ئاللاھ ئەيىبىنى ئاچقان ئادەمنى ئاللاھ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ**“ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). دېمەك، ئاللاھ تەرىپىدىن نەھى قىلىنغان تىل ۋە ھەرىكەتتىن قول ئۈزمىگەن، تەۋبە قىلمىغان ئادەم ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچى، ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغۇچى بىنەقىلىدۇر.

2. غەيۋەت- شىكايەت شەخسىنىڭ ۋىجدان- غۇرۇرىغا، ئىنسانى تەبىئىتىگە، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ نىجاتلىق چىرىغى بولغان ئىمانىغا سەلبى تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇنى دوزاخ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ. قىسقىسى، غەيۋەت گۇناھى كەبىر بولۇپ، ئۇ زىنادىنمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**غەيۋەت قىلىش زىنادىنمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر**“ دېگەندە، بىر ساھابە: ” قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ، يا رەسۇلۇللاھ؟“ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**بىر ئادەم زىنا قىلىپ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ. غەيۋەتخورنىڭ جىنايىتى غەيۋىتى قىلىنغان كىشى ئەپۇ قىلمىغۇچىلىك كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ**“ دېگەن (بەيھەقى تەيرانى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشبۇ ھەدىسىدىن شۇنى چۈشەنمەك قىيىن ئەمەسكى، غەيۋەت- شىكايەت قىلىش، بىر ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھالال ئەمگەك قىلىپ ئەركىن ياشىشىغا، كىشىلىك ھوقۇقىغا، جامائەتنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا دەخلى- تەرۇز قىلىپ، ئۇنىڭ روھى ئازاب تارتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. غەيۋەتخورلۇق كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى. بۇ ”دۈشمەن“نى چەكلەش ھەربىر پۇقرانىڭ ھەم ۋىجدانىي ھەم قانۇنىي بۇرچى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

3. غەيۋەت- شىكايەت بەندىنىڭ قىلغان ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**نامە- ئەمەل دەپتىرى تارقىتىلغاندا ئاربىدىن بەزىلەر ’ئى رەببىم مەن قىلغان پالانى- پۇكۇنى ياخشى ئىشلار قېنى، ئۇ مېنىڭ دەپتىرىمدە يوققۇ؟‘ دېگەندە، ئاللاھ ’ئۇ سېنىڭ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىڭ سەۋەبلىك ئۆچۈرۈلۈپ كەتتى‘ دەيدۇ**“(ئەل سۇنھانى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، غەيۋەت قىلىش قوش بىسلىق پىچاققا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزگىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان سالىدۇ.

4. غەيۋەت- شىكايەتنىڭ گۇناھى غەيۋەت قىلغۇچى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، غەيۋەتكە قولاق سالغۇچىلارنىمۇ شۇ گۇناھقا شېرىك قىلىدۇ- دە، ئاڭلىغۇچىمۇ ئوخشاش گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى غەيۋەت قىلىشتىن توسۇپ قالغان بولسا، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ**“ (ئەل تەبرانى رىۋايەت قىلغان). چۈشىنىش مۇمكىنكى، كىمكى غەيۋەت قىلىنىۋاتقان سورۇندا بولسا، غەيۋەت قىلىشنى توسۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلالمىسا، سورۇندىن چىقىپ كېتىشى كېرەك.

غەيۋەت ھارامدۇر، شۇڭا ھارام غەيۋەتنى ئاڭلىغان كىشى ئەگەر شۇ غەيۋەتنى رەت قىلىشقا، قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلسا، شۇ ئورۇندىن كېتىپ قېلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇنۇ ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئاللا تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: ”**مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ**“ {سۈرە «نۇر» (24- سۈرە)، 19-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايەتنى تېخىمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”**بىراۋنىڭ يېنىدا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنىۋاتقان بولسا، ئۇ ئاشۇ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ياردەم بەرمىسە، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا - ئاخىرەتتە خار قىلىدۇ**“ (ئىبنى ئەبى دۇنيا رىۋايەت قىلغان). شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”**ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن**“.

دېمەك، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ئۆزئارا غەيۋەت- شىكايەت قىلىشماي، ياخشى سۆز قىلالمىسا سۈكۈت قىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ھۆرمەت بىلدۈرىشى، بىر- بىرىنى ئاسرىشى، قوغدىشى، ئۆرنەك قىلغۇدەك، تەرىپلىگۈدەك ئېسىل، ياخشى روھنى نامايەن قىلىشى كېرەك.

5. ئاللا تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسلىرىدە غەيۋەت- شىكايەتنىڭ نەھيى قىلىنغان گۇناھى كەبىر ئىكەنلىكىنى دەلىل-

ئىسپاتلار بىلەن مەنتىقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن.

بىز مۇقەددەس كالامۇللا«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھقا چىن دىلىمىز بىلەن ئىخلاس قىلىپ، غەيۋەت- شىكايەتتىن قول ئۈزۈپ، دۇنيا- ئاخىرەتتە ئۆزىمىز ھەم باشقىلارغا ئىجابى مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ساۋابلىق ئىش- ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز، كەڭ قورساق، ئالىيجاناپ، ئەپۇچان بولۇشىمىز، دوستلۇقنى، ياخشىلىقنى، مەدەنىيلىكنى، كەمتەرلىكنى ئۆگىنىشىمىز، باشقىلارنىڭ ئالدىدا گۆل، كەيىندە تىكەن بولماسلىقىمىز كېرەك. خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، رەھىم- شەپقەتلىرىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، غەيۋەت- شىكايەتتىن ئېغىزىمىزنى ساقلاپ، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشىمىز كېرەك. ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئى رەسۇلۇللاھ! مۇسۇلمانلار ئىچىدە قانداق ئادەم ئەڭ پەزىلەتلىك مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ؟ "دەپ سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ". **سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ئەڭ پەزىلەتلىك مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ**" دېدى.

دېمەك، بىزنىڭ تىل ۋە ھەرىكىتىمىز (ماھىيەتتە دىلىمىز)نىڭ دۇرۇس بولغان- بولمىغانلىقى مۇسۇلمانلىقىمىزنىڭ ئەڭ ئادىل تارازىسى بولالايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **كىمكى ئىككى ئىڭەك ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنى (يەنى ئېغىزىنى) ۋە ئىككى پۇتى ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنى ساقلاشقا ماڭا ھۆددە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھۆددە قىلىمەن**" دېگەن. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كالامى ھەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ ھەدىسلىرىدىن بىز.ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز بەدىنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنى پاك- پاكىز ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككى ئالەمدىكى رولى ۋە خاسىيىتىدىن توغرا ھەم ئىجابى پايدىلانغاندىلا ئاللاھنىڭ رەھىم- شەپقىتىگە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە يۈزى يورۇق ھالدا مۇشەررەپ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ياخشى سۆز ۋە يامان سۆز توغرىسىدا ئوچۇق بىر مىسال كەلتۈرگەن: **"ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى- ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. يامان سۆز(يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ**"{سۈرە «ئىبراھىم»(14-سۈرە)، 24—26-ئايەت}. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياخشى سۆز- ھەرىكەت، گۈزەل خۇلقى مىجەز، ئەدەب ۋە ئەخلاق بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمى- جىسمىمىزغا لايىق ئېتىقاد بايلىقىمىز، ئادەملىك زىننىتىمىز. شۇڭا ئۇنى ئاسرىشىمىز، باشقىلارغا، ياش- ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىمىز، ئۈلگە تىكلەپ، ئىتتىپاق جەمئىيەت كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولىشىمىز، غەيۋەت- شىكايەت ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى ئاگاھلىق ھالدا چەكلىشىمىز لازىمدۇر.

6. باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان، ئىززەت- ئابرويىنى تۆككەن ئادەمنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى توغرىسىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**مەن مىئراجغا ئېلىپ چىقىلغان كېچىسى تىرناقلىرى مىستىن بولغان، يۈزلىرى ۋە كۆكرەكلىرىنى تاتىلاپ تۇرغان بىر جامائەتنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم. مەن جىبرىئىلدىن: 'ئۇلار كىم بولىدۇ؟' دەپ سورىغاندىم، 'ئۇلار كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر' دەپ جاۋاب بەردى**" (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

خۇلاسە كالام: غەيۋەت- شىكايەت ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ئەنە شۇنداق يامان بولۇپ، دىنىمىزدا قاتتىق چەكلىنىدىغان گۇناھى كەبىردۇر. شۇڭا بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەۋزەل ھەم ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىممەتلىك ھاياتىمىزنى پەرۋەردىگار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرگەن، رازى بولغان خاسىيەتلىك سۆز-ھەرىكەتلەرگە سەرپ قىلايلى!

ئەقىللىق ئەجداتلىرىمىزمۇ "ياخشى سۆز جان ئوزۇقى، يامان سۆز جان قوزۇقى" دېگەنىكەن. ياخشى سۆز، ياخشى ئەخلاق بىلەن ياشايلى. ئاللاھ ھەممىمىزگە رەھمەت قىلغاي- ئامىن!

(ئاپتور: قۇرغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەركەز مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# تەكەببۇرلۇق روھىي ھالىتى توغرىسىدا

ئابدۇرەھمان ئىسمائىل

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەكەببۇرلۇق، يەنى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۆزىنى ئالاھىدە چاغلاش، داۋاملىق زورۇقۇپ، ئۆزىدە ئاز-تولا بار بولغان ئادەتتىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، مەنمەنلىك قىلىش روھىي ھالىتى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا يېپىشىپ يىلتىز تارتىپ كەتكەن. بۇ خىل روھىي ھالەتكە ئىگە كىشىلەر ساغلام، نورمال روھىي ھالەتتىن تولىمۇ چەتنەپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، بىر خىل روھىي كېسەللىككە، پىسخىك ئاجىزلىققا گىرىپتار بولغان كىشىلەردۇر. بۇ خىل روھىي ھالەت ھامان ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا، شۇنداقلا روھىي پىسخىكا ساغلاملىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇلاردا جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق ياكى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراش، ئادەتتىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئېرىشكەن خۇشاللىق، روھىي ئازادىلىككە ئېرىشەلمەسلىك، سىقىلىش ئىچىدە ياشاش، جىسمانىي جەھەتتىن بالدۇر زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. تەكەببۇرلۇق روھىي ھالىتىنىڭ بىر كىشىدە بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ ساغلام ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ ئىپلاس روھىي ھالەت ئىنسانىيەتكە روھىي-پىسخىكا، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

1) روھىي جەھەتتىكى زىيىنى: تەكەببۇرلۇق بىر خىل نورمال بولمىغان روھىي ھالەت بولغاچقا، بۇ خىل زىددىيەتلىك روھىي ھالەت ئادەم مېڭىسىدىكى ساغلام تەپەككۇر ھۆجەيرىلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئادەمنى ساغلام تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

2) پىسخىكا جەھەتتىكى زىيىنى: تەكەببۇر ئادەمنىڭ مىجەزى تولىمۇ چۇس بولىدۇ. ئاچچىقلىنىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارغىمۇ ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنى قىيناپلا ئۆتىدۇ. باشقىلاردىن قانداقتۇر بىر ئورۇنسىز قۇسۇرلارنى ئىزدەپلا يۈرىدۇ. ئۆزىگە چوقۇنمىغان، ئۆزىنى چوڭ بىلمىگەن كىشىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە تولا چاغلاردا ھەسەتخورلۇق كېسىلىمۇ بىرگە چاپلاشقان بولىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ مۇتەكەببۇرلۇقى ۋە ھەسەتخورلۇقىنى تولا چاغلاردا ئېتىراپ قىلماي تېخى باشقىلارنى ھەسەتخور، تەكەببۇر دەپ ئاغرىنىپ، يۈرىكى پۇچۇلىنىپ يۈرىدۇ. بۇمۇ بەلكىم تەكەببۇرلۇقنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى نەق جازاسى بولسا كېرەك.

3) ئەخلاق جەھەتتىكى زىيىنى: تەكەببۇرلۇق كەيپىياتى ئومۇمىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا تۈپتىن خىلاپ. مۇتەكەببىر ئادەمنى ھېچكىم ساغلام، ياخشى ئەخلاقلىق دەپ قارىمايدۇ. ھېچكىم ئۇنداق ئادەم بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە «قەلەم» (68-سۈرە) نىڭ 4-ئايىتىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى: "(ئى مۇھەممەد) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك **ئەخلاققا ئىگىسەن**" دەپ ماختىغانلىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇتەكەببىر ئەمەس، بەلكى كەمتەر ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان.

4) جىسمانىي جەھەتتىكى زىيىنى: ناچار روھىي كەيپىياتلاردىن غەم-قايغۇ، قورقۇنچ، تەشۋىشلىنىش، ھەسەتخورلۇق، روھىي چۈشكۈنلۈك قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا تەكەببۇرلۇق روھىي ھالىتىمۇ جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىققا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا 90 پىرسەنت كېسەللىك ناچار روھىي كەيپىياتنىڭ سەۋەبىدىن بولىدىكەن. قالغان 10 پىرسەنت كېسەللىك خىمىيىلىك ماددىلاردىن زەھەرلىنىش؛ باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلاردىن يۇقۇملىنىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىقىدىكەن. مۇتەكەببىر كىشىلەر ئۆلجا ئىزدەپ ماڭغان ئىت ئۆلجىغا ئېرىشەلمىسە كۆڭلى ئارام تاپمىغاندەك

مەخمۇت كىتاب ئامبىرى www.mahmutkitap.com

باشقىلاردىن داۋاملىق ھۆرمەت، مەدھىيە تاما قىلىپ، باشقىلار ئالدىدا قانداقتۇر ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى نامايەن قىلالماي، سىقىلىش ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان شۇنچىۋالا نازۇ-نېمەتلەرگە چۆكۈپ تۇرۇپمۇ، خۇددى كېسەل چارۇغا يەم پايدا قىلمىغاندەك، نازۇ نېمەتلەرنىڭ ئەسىرى ئۇنىڭدا قىلچە نامايەن بولمايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن سىرتقا تېپىپ تۇرغان تەكەببۇرلۇق كەيپىياتى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا پايدىلىنىش ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق نېمەتلەرنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا قوبۇل قىلىنىپ كىرىشىگە يول بەرمەيدۇ. ئەقەللىيسى، ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە نەپەسلىنىشكە يارىتىپ بەرگەن ساپ ھاۋادىنمۇ بىمالال رىتىملىق، ئەركىن نەپەس ئېلىشىنىڭمۇ تەكەببۇرلۇق كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى سېزەلمەي قالىدۇ. نەتىجىدە نەپەس بىمالال بولمىغانلىقتىن (ئۆكسىگېن يېتىشمىگەن ئادەم كۆكىرىپ كەتكەندەك) قانىنىڭ تەركىبى، شۇنداقلا ئايلىنىش سىستېمىسى بىر قاتار زىيانلىق تەسىرلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرى(يۈرەك تىقىلمىسى، تاجىسىمان قان-تومۇرلۇق يۈرەك كېسەللىكى)، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. ھەتتا بەدەنىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە راك كېسەللىك پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيانلىرى پەقەت يۇقىرىقىلارلا ئەمەس، ئۇلاردىنمۇ چوڭ بىر زىيان بار. ئۇ بولسىمۇ باقى ئالەمدىكى مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت — جەننەتتىن، ئاللاھ رىزالىقىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا سۈرە «لوقمان»نىڭ 18-ئايىتىدە لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتى سۈپىتىدە مۇنداق دەيدۇ: **"كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ"**. ئىنسانغا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا (ياقتۇرۇشىغا) ئېرىشەلمەسلىكتىنمۇ چوڭ زىيان، خارلىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنۇ خىتابلىرىغا قارايلى: **"ئۇلارغا جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان! دېيىلىدۇ"** {سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 72-ئايەت}. «مىشكاتۇل مەسابىھ» دېگەن ھەدىس كىتابىدا «ئاچچىقلىنىش ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش توغرىسىدا» دېگەن بابىنىڭ 2-بۆلىكىدە. ئۇمەيس دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئەسمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: **"ئۆزىنى چوڭ تۇتقان، ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ئەمما ھەممىدىن يۈكسەك چوڭ بولغان زاتنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم نېمىدېگەن رەزىل ئادەم! ئاجىزلارنى قاقشىتىپ ھەددىدىن ئاشقان ۋە غەزىپى ھەممىدىن قاتتىق يۈكسەك بولغان زاتنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم نېمىدېگەن رەزىل ئادەم! ھەقىقەتتىن غاپىل بولۇپ ئويۇن-تاماشاغىلا بېرىلىپ كەتكەن، قەبرىلەرنى ۋە بەدەنلىرىنىڭ چىرىپ كېتىشىنى(يەنى بۇنىدىن كېيىن ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان كۈنلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى) ئۇنتۇغان ئادەم نېمىدېگەن رەزىل ئادەم! تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان، كۆرەڭلەپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ئادەم نېمىدېگەن رەزىل ئادەم! ئۆزىنىڭ دىنى ئارقىلىق دۇنيالىقنى كۆزلەيدىغان ئادەم نېمىدېگەن رەزىل(يەنى يامان) ئادەم! ئۆزىنىڭ دىنىنى شۈبھىلىك نەرسىلەر بىلەن بۇزۇپ تاشلايدىغان ئادەم نەقەدەر رەزىل ئادەم! ئۆزىدىكى تاماخورلۇق خۇسۇسىيىتى ئۆزىنى يېتىلەپ يۈرۈيدىغان(يەنى تاماخورلۇق قىلىپ قاتراپ يۈرۈيدىغان) ئادەم نەقەدەر رەزىل ئادەم! نەپسى خاھىشى ئازدۇرۇپ كەتكەن ئادەم نەقەدەر رەزىل ئادەم! ئۆزىنى خار قىلىدىغان، چوقۇنۇش-ھېرىسمەنلىككە ئىگە بولغان كىشى نەقەدەر رەزىل ئادەم!"**.

بىز بۇ ھېكمەتلىك ھەدىس شەرىفنى تەپسىلىي ئوقۇپ ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىمىز ۋە ياخشى ھەزىم قىلىشىمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى قېزىپ چىقىپ باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئەگەر دىنىي زاتلاردا تەكەببۇرلۇق كەيپىياتى بولىدىغان بولسا، ئۇلاردا باشقىلار بىلەن ئۆزىنى ھەقىقەتەن تەڭدىرداش، ھەمنەپەس ھېس قىلىدىغان تۇيغۇ يوقالغاچقا، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، ئۆزىنىڭمۇ دىلى ئېرىپ تۇرۇپ ياخشى چۈشەندۈرەلمەي، قاتمال ھالەتتە غادىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى كۆز-كۆز قىلىشنىلا ئويلاپ، زورۇقۇپ تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۇسسىغان يۈرىگە قىلچە بارمايدۇ.

ئەگەر تالىبۇل ئىلىم، يەنى ئوقۇغۇچىلاردا

تەكەببۇرلۇق روھىي ھالىتى بولسا، ئۇلار ھەقىقەت دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرىش، ئەقەللىي بىلىملەرنى قوبۇل قىلىش، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى تەكەببۇرلۇق تۈپەيلى مەنسىتمىگەنلىكتىن ئۇلاردا ئىلىم ئىگىلەش يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ. دېمەك، تەكەببۇرلۇق ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ دۈشمىنى.

تەكەببۇرلۇق — ھەقىقەتنى كۆزگە ئىلماسلىق، باشقىلارنى چۈكۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ساغلام گۈزەللىككە ئىنتىلىش، چىرايلىق، سالاپەتلىك كىيىنىش قاتارلىقلار ھەرگىز تەكەببۇرلۇق ئەمەس، ئەلۋەتتە! «تەنبىيھۇل غافىلىين» دېگەن كىتابنىڭ «ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش توغرىسىدا» دېگەن بابىدا ھەبىب ئىبنى سابىتتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ: "**قەلبىدە قىچا ئۇرۇقىچىلىك كىبرى بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ**" دېگەندە، بىر كىشى: "يا رەسۇلۇللاھ، مەن ھەقىقەتەن كىيىمىمنىڭ، ئاياغلىرىمنىڭ ۋە (ئات ھەيدەيدىغان) قامچىلىرىمنىڭمۇ چىرايلىق، گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مۇشۇمۇ كىبىر بولامدۇ؟" دېگەن. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: "**ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ، بەندىسىگە نازۇ نېمەت بەرگەن بولسا شۇ نېمەتنىڭ ئەسىرىنىڭ بەندىدە نامايەن بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ. خۇنۇكلۇكنى ۋە خۇنۇك بولۇۋېلىشنى يامان كۆرىدۇ. لېكىن كىبىر دېگەن ھەقنى مەنسىتمەسلىك، باشقىلارنى چۈكۈرۈشتۇر**" دېگەن. يەنە مۇشۇ ھەدىستىن كېيىن كەلگەن بىر باياندا ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير دېگەن كىشىنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىك بىر سۆزى بار: "كەمتەرلىك شان-شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (كەمتەرلىك كەمدە بولىدىكەن ئۇ چوڭ بىر ئىنئامغا ئېرىشكەن بولىدۇ). كەمتەرلىكتىن باشقا ھەر قانداق بىر نېمەت ئىگىسىگە باشقىلار ھەسەت قىلىدۇ(كۆرەلمەيدۇ)، كەمتەرلىكتىن ئىبارەت بۇ خىسلەتنى ھەر كىم ئىگىلىۋالسا ھېچكىمنىڭ دەخلى تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ".

شۇنداقلا ئۆزىدە بار ئىقتىدارنى نامايەن قىلىش، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىدا بولۇشمۇ تەكەببۇرلۇق بولمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە سۈرە «يۇسۇف»تىكى تۆۋەندىكى ئايەت يېتەرلىك دەپ قارايمىز: "**يۇسۇف: 'مېنى مىسىر زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن(ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئۇبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن' دېدى**" {سۈرە «يۇسۇف»(12-سۈرە) 55-ئايەت}. ئەمدىلا قۇللۇقتىن قۇتۇلغان بىر كىشىنىڭ بىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرىقى ۋەزنىلىك سۆزى جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئىش كۆتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۈرنەك قىلىشىغا، ئۈيلاپ كۆرۈشىگە يېتەرلىك. سىز ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىشەنمىسىڭىز باشقىلار سىزگە قانداق ئىشەنسۇن؟!

بىز ھەممىمىز كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق دېگەن ئۇقۇمنى توغرا چۈشىنىپ، قىسقىغىنە ھاياتىمىزدا ھەقىقەتكە، رىئاللىققا چوڭقۇر چۆكۈپ، قاتماللىق ھالىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن، جامە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئىسلام ئەللىرى سوئىتىي ھەمرادىن پايدىلىنىپ ھىجرىيە ۋاقتىنى بەلگىلىمەكچى

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئاشكارىلىشىچە، ئىسلام ئەللىرى سوئىتىي ھەمرا تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئاي شارىنى كۆزىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساپ قەمەرىيە يىلنامىسى بويىچە تەسىس قىلىنغان ھىجرىيە ۋاقتىنى بېكىتمەكچىكەن.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىسلام ئەللىرى تەشكىلاتى بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭغا 57 دۆلەت ئەزا. خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ تەشكىلات كەلگۈسى ئىككى يىل ئىچىدە 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى بىر سوئىتىي ھەمرا قويۇپ بېرىپ، ئاي شارىنى سۈرەتكە تارتىپ، بۇ ئارقىلىق قەمەرىيە ۋاقتىنى بېكىتىشنى پىلانلىغان. (ش)

# كېسەللەرنى يوقلاش
# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك سۈننىتى

ئىسمائىل ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا ساھابىلارنىڭ كىچىكلىرى بولسۇن ياكى چوڭلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپلا قالسا يوقلاپ باراتتى، شۇنداقلا بارلىق ساھابىلىرىغا كېسەللەرنى يوقلاش ھەققىدە كەڭ تەشۋىق ھەم تەرغىپ قىلىپ، بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى ئۈستىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرەتتى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار“ دېگەندە، ”ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلار قايسىلار؟“ دېگۈچىگە رەسۇلۇللاھ: ” ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سالام بەرگىن، سېنى تاماققا چاقىرسا چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغىن، سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا نەسىھەت قىلىپ قويغىن، چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ(ئاللاھقا شۈكرى) دېسە، يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېگىن، كېسەل بولسا ئۇنى يوقلىغىن، ئۆلۈپ كەتسە جىنازىسى ئارقىسىدىن بارغىن“ دېگەن (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالاقىلارنىڭ قويۇقلىشىشىغا، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە سەۋەپ بولىدىغان مۇھىم بىر ئامىل ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

كېسەللەرنى يوقلاش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كېسەل يوقلىغۇچىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاتكەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىسا، كېسەلنى يوقلاپ كەلگەنگە قەدەر جەننەتنىڭ خورپىسىدا بولىدۇ“. ئى رەسۇلۇللاھ، جەننەتنىڭ خورپىسى دېگەن نېمە؟ دېگۈچىگە رەسۇلۇللاھ: ”جەننەتتە تۈرۈپ جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتۇر“ دەپ جاۋاب بەرگەن (ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئۇلۇغ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېسەل يوقلاشنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدا ساناپ، بىز مۇسۇلمانلارنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇپ، يەتتە تۈرلۈك نەرسىدىن مەنئىي قىلغان. بۇ ھەقتە مۇئاۋىيە ئىبنى مۇقەررىن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەرا مۇنداق دېگەن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە تۈرلۈك ئىشقا بۇيرۇدى، يەتتە تۈرلۈك نەرسىدىن مەنئىي قىلدى، بىزنى جىنازىغا ئەگىشىشكە، كېسەللەرنى يوقلاشقا، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە، قەسەم ئىچكۈچىلەرنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە، سالام بەرگۈچىلەرنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىشقا، چۈشكۈرگۈچى ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە ئۇنىڭغا يەرھەمۇكەللاھ دېيىشكە بۇيرۇدى ھەمدە بىزنى كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، تاۋار-دۇردۇنلارنى، زەر ئارىلاش يىپەك رەختلەرنى كىيىشتىن*، تېشىغا يىپەك رەخت قاپلانغان ئىگەر ئۈستىگە مىنىشتىن مەنئىي قىلدى“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمىگە بۇيرۇغان بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا شۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپ

---

*بۇ يەردە ئاياللار ئەمەس، ئەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ياشىشىمىزنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: " **پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر**" {سۈرە «ھەشر» (59-سۈرە)، 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ روھىدىن كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى كېسەللەرنى يوقلاپ تۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، ئاللاھنىڭ ماختىشى ۋە رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئېيتىدۇ: ' ئى ئادەم بالىسى! مەن كېسەل بولدۇم، مېنى يوقلىمىدىڭ'** . ئادەم بالىسى ئېيتىدۇ: 'ئى پەرۋەردىگارىم! سەن **ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ قانداقمۇ مەن سېنى يوقلاي؟'. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: 'بىلمەمسەنكى، مېنىڭ بەندەم پالانى كېسەل بولۇپ قالدى، سەن ئۇنى يوقلىمىدىڭ، ئەگەر ئۇنى يوقلىغان بولساڭ ئەلۋەتتە سەن مېنى ئۇنىڭ يېنىدا تاپقان بولاتتىڭ. ئى ئادەم بالىسى مەن سېنىڭدىن تاماق سورىدىم، سەن ماڭا تاماق بەرمىدىڭ'** . ئادەم بالىسى ئېيتىدۇ: 'سەن **ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ قانداقمۇ ساڭا تاماق بېرىمەن؟'؛ ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: 'بىلمەمسەنكى، بەندەم پالانى سەندىن تاماق تەلەپ قىلدى، سەن ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ، بىلمەمسەنكى، ئەگەر ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولساڭ ئەلۋەتتە سەن ئۇنىڭ ساۋابىنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپقان بولاتتىڭ' ، ئى ئادەم بالىسى، مەن سەندىن ئۇسسۇلۇق سورىدىم، سەن ماڭا ئۇسسۇلۇق بەرمىدىڭ؛ ئادەم بالىسى ئېيتىدۇ: ' سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ قانداقمۇ ساڭا ئۇسسۇلۇق بېرىمەن؟'؛ ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: 'بەندەم پالانى سەندىن ئۇسسۇلۇق سورىدى، سەن ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق بەرمىدىڭ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ساۋابىنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپقان بولاتتىڭ'** " (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسنىڭ روھى (جۈملىدىن كېسەللەرنى يوقلاش) رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا بەك ئومۇملىشىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " **بۈگۈن سىلەردىن كىم روزىدار ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزدى؟**" دېگەندە، ئەبۇ بەكرى: " مەن" دېگەن؛ رەسۇلۇللاھ: "**بۈگۈن سىلەردىن كىم كېسەل يوقلىدى؟**" دېگەندە، ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېگەن؛ رەسۇلۇللاھ: "**(بۈگۈن) سىلەردىن كىم جىنازىغا ھازىر بولدى؟**" دېگەندە، ئەبۇ بەكرى: "مەن" دېگەن؛ رەسۇلۇللاھ: "**بۈگۈن سىلەردىن كىم مىسكىنگە تاماق بەردى؟**" دېگەندە، ئەبۇ بەكرى: " مەن" دېگەن. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان مەرۋان مۇنداق دەيدۇ: "ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ' **بىر ئادەمدە مۇشۇ خىسلەتلەر توپلىشىپ قالسىلا (ئۇ ئادەم) جەننەتكە كىرىدۇ**' دېگەنلىكى يەتكەندى (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىدىن بىر ئادەمدە ھەقىقىي ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن نەفلە روزا تۇتۇش، كېسەللەرنى يوقلاش، جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇش ۋە پېقىر، مىسكىنلەرگە تاماق بېرىشتەك ياخشى ئىشلار جەمئىي قىلىنسا، ئۇ ئادەمنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ پەزىلىتى ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىش، ئەسىرگە چۈشكەن قۇللارنى ئازاد قىلىشتەك ئىبادەتلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىڭلار**" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىنسان ھەر خىل كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى كېسەللەر ئازغىنا سەۋەبلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ شىپالىق ئاتا قىلىپ ساقىيىپ قالىدۇ، بەزى كېسەللەر ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ 70، 80 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ داۋالاتسىمۇ داۋالاش ئۈنۈمى بەرمەي ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، بىز مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق كېسەللەرنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا، ئۇ كېسەل بولغان ئادەمنىڭ ناھايىتى ئاجىز ھالىتىنى ئۆزىمىزنىڭ ساق-سالامەت ھالىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەن ساقلىقنىڭ ھەقىقەتەن بۈيۈك پادىشاھلىقتىنمۇ ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز ۋە كېسەل بولغان ئادەمگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەجەل كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا پۇل-مېلى، ھوقۇق-مەنسىپى ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ ئامالسىز قالىدىغان ھالىتىنى ئويلاپ، ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى كۆپرەك قىلىشىمىز، جۈملىدىن كېسەللەرنى

كۆپرەك يوقلاپ جەننەتتىن ئورۇن ھازىرلىشىمىز لازىم. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”كىمكى بىرەر كېسەلنى يوقلىسا ياكى خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان بۇرادىرىنى زىيارەت قىلسا بىر نىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا: ’سەن ياخشى ئادەم بولدۇڭ، ماڭغان يولۇڭ ياخشى بولدى، ئۆزەڭگە جەننەتتىن بىر ئورۇن ھازىرلىدىڭ‘ دەپ نىدا قىلىدۇ“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن كېسەللەرنى يوقلاش ۋە ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن دوستلاشقان قېرىنداشلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشنىڭ يۈكسەك ئىبادەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا كېسەللەرنى يوقلىغۇچى ياكى دوستلاشقان بۇرادىرىنى زىيارەت قىلغۇچى ئادەم ئۇلارنىڭ قېشىغا سوۋغا ئېلىپ ياكى ئالماي بېرىشتىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى پات-پات يوقلاش ۋە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ تۇرۇشى كېرەك.

كېسەللەرنى يوقلاشقا سوۋغا ئېلىپ بېرىشنى شەرت قىلىۋېلىش ياكى كېسەل بولغۇچى ئادەم بىر نەرسە ئالماي كەلگەن ئادەمدىن خاپا بولۇش ھەقىقىي مۇسۇلمانغا خاس سۈپەت ئەمەس. چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگەن قېرىندىشى بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچراشقانلىقىمۇ كاتتا شەرەپ دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: ” قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىشىشىڭدەك ئىش بولسىمۇ ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىمىغىن“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس شەرىفنىڭ مەزمۇنىدىن كېسەللەرنى سوۋغا (ھەدىيە) ئالماي يوقلاپ بارسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىشىپ، روھىي جەھەتتىن تەسەللىي بەرگەن ئادەمنى قەتئىي تۆۋەن كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. چۈنكى كېسەلنى قانچىكى كۆپ ئادەم يوقلاپ تۇرسا، روھسىز ياتقان كېسەلگە نىسبەتەن روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئۇنىڭ دىلىدا خۇرسەنلىك پەيدا بولۇپ تېتىكلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ھېس قىلىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار كېسەللەرنى مەيلى كۈندۈز ياكى كەچ تەرەپتە بولسۇن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ يوقلاپ تۇرساق، بىز ئۈچۈن 70 مىڭ پەرىشتە مەغپىرەت تىلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم دەيدۇ: ”بىر مۇسۇلمان (كېسەل بولۇپ قالغان) يەنە بىر مۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا، ئۇنىڭغا 70 مىڭ پەرىشتە ئاخشامغىچە مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى كەچتە يوقلىسا، ئۇنىڭغا 70 مىڭ پەرىشتە تاڭ ئاتقىچە مەغپىرەت تىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر باغچا ھازىر بولىدۇ“ (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ” كەچتە كېسەل يوقلىسا كېسەل بولغۇچىنىڭ ئۆلۈمنى تىلىگەندەك بولۇپ قالىدۇ“ دېگەن سۆزىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى، جۈملىدىن كېسەللەرنى پۇرسەت بولسىلا ھەر قانداق ۋاقىتتا يوقلاپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا مەن تۆۋەندە كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى بىر قانچە ئابزاستا ئايرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

1. كېسەل يوقلىماقچى بولغان ئادەم ئاغرىپ يېتىپ قالغان كىشىنىڭ ھەقىقىي كېسەل ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن كۈتۈپ، ئاندىن يوقلاپ بېرىشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت كېسەلنى ئۈچ كۈندىن كېيىن يوقلايتتى“(ئىبنى ماجە، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

2. كېسەلنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇشتىن ۋە تولا سۆزلەپ كېسەلنى بىزار قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”كېسەلنىڭ قېشىغا يوقلاپ بارغاندا يەڭگىل ئولتۇرۇش ۋە ئاز سۆھبەتلىشىش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر“ («مىشكاتۇل مەسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، 138-بەت)

3. كېسەلنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولۇپ روھى تەسەللىي تاپىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىمىز مۇھىم سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىلەر بىرەر كېسەلنىڭ قېشىغا كىرسەڭلار(ئەھۋالىڭىز ئوبدان ئىكەن، ياخشى بولۇپ كېتىسىز دېگەندەك سۆزلەر بىلەن) ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقى بىلەن تەسەللىي بېرىڭلار، ئۇنداق تەسەللىيغۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، پەقەت كېسەلنى خۇشال قىلىدۇ“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا بىر قىسىم كىشىلەر كېسەل بولغۇچىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سورايدۇ، كېسەل بولغان ئادەم كېسىلىنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇلار: "پالانى ئادەم مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئۇزۇن يېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن" دېگەندەك گەپنى كېسەلنىڭ يۈزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا روھىي ئازاب بولىدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولماقتا. دېمەك، بىز مۇسۇلمانلار يۇقىرىقىدەك سۆزنى ئويلىمايلا ئېغىزىمىزدىن چىقىرىپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىشىمىز لازىم. خەلقىمىز ئارىسىدىكى" ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە" دېگەن ماقالمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان.

كۆپىنچە كېسەللەرنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا ئۇلار كېسەللىك سەۋەبىدىن ئىبادەتلىرىنىڭ كەمتۈك بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ كۆز يېشى قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق كېسەللەرگە تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىف بىلەن تەسەللىي بېرىشىمىز بەكمۇ مۇھىم ئىشتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بەندىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغان چېغىدىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى چېغىدىكى، تېنى ساق چېغىدىكى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بولۇپ تۇرىدۇ**" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

4. غەيرىي دىندا بولغان ئۇرۇغ-تۇغقان ياكى قولۇم-قوشنا ۋە ياكى قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەر كېسەل بولۇپ قالسا ئۇلارنى دىنسىز دەپ قاراپ تاشلىۋەتمەستىن يوقلاش ياخشى ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلىغىلى بارغان.

5. كېسەللەرنى يوقلىغان ئادەم كېسەل بولغۇچىدىن قانداق تاماقنى كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى سوراپ بېقىپ ئاندىن نېمىنى ئىشتىھا قىلسا شۇنى ئەۋەتىپ بېرىشى سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: "**نېمىنى ئىشتىھا قىلىسەن؟**" دېگەندە ئۇ ئادەم "بۇغداي نېنىنى ئىشتىھا قىلىمەن" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى ئۇنىڭ يېنىدا بۇغداي نېنى بولسا قېرىندىشىغا ئەۋەتىپ بەرسۇن**" دېگەن. ئاندىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا كېسەل ئادەم بىرەر نەرسىنى ئىشتىھا قىلسا ئۇنىڭغا تاماق قىلىپ بەرسۇن**" (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

6. كېسەل بولغان ئادەمنىڭ بالا-چاقىلىرىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش ياخشىدۇر ۋە كېسەل ئادەمنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ ئېغىر كېسەلنىمۇ "ناھايىتى ياخشى" دەپ جاۋاب بېرىشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن چىققانىدى، خالايىقلار: 'ئى ھەسەننىڭ ئاتىسى، رەسۇلۇللاھ قانداقراق ئەھۋالدا تاڭ ئاتقۇزدى؟' دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: 'ئەلھەمدۇلىللاھ(ئاللاھقا شۈكرى) ياخشى تاڭ ئاتقۇزدى' دېدى" (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

7. كېسەللەرنى يوقلىغان ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۆۋەندىكى دۇئالارنى ئوقۇشى سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر قىسىم بالا-چاقىلىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بارغاندا، ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: "**ئاللاھۇممە رەببەنناسى، ئەزھىبىل بەئسە ۋەشفى، ئەنتە ششافي لاشىفائە ئىللاھ شىفائۇكە، شىفائەن لايۇغادىرۇ سەقەمەن (ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ! كېسەللىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، پەقەت سېنىڭ بەرگەن شىپايىڭلا ئۈنۈملۈك. شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، كېسەللىك قالمىغاي**" (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىسا ئۇنىڭغا ئەجىلى ھازىر بولمىغان بولسا، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يەتتە قېتىم: 'ئەسئەلۇللاھەلئەزىمە رەببەلئەرشىل ئەزىمى ئەن يەشفىيەكە(ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن ساڭا شىپالىق ئاتا قىلىشنى سورايمەن)' دېسە، ئاللاھ ئۇنى مۇشۇ كېسەلدىن سالامەت قىلىدۇ**" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

كېسەل بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن شىپالىق بېرىشىنى تەلەپ قىلىشمۇ سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى( يەنى مېنىڭ كېسىلىمنى)

www.uyghurkitap.com

يوقلاپ مۇنداق دېگەن: 'ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق ئاتا قىلغىن، ئى ئاللاھ، سەئدكە شىپالىق ئاتا قىلغىن، ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق ئاتا قىلغىن' "(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

8. كېسەلنى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇنىڭغا: "مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسىلا" دەپ ئۇنىڭدىن دۇئا تەلەپ قىلىش سۈننەت. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سەن بىرەر كېسەلنىڭ(كېسەلنى يوقلاپ) قېشىغا كىرسەڭ، ئۇنى ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغىن، چۈنكى كېسەلنىڭ دۇئاسى خۇددى پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىدەك ئىجابەت قىلىنىدۇ"(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

9. كېسەل بولۇپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى ئاغرىغان جايغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ ئالدىن بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم ۋە تۆۋەندىكى دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇپ، ئۇ كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەش سۈننەت. بۇ ھەقتە ئەبۇ ئابدۇللا ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھقا بەدىنىدىكى ئاغرىقتىن شىكايەت قىلغانىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: "قولۇڭنى بەدىنىڭدىكى ئاغرىۋاتقان جايغا قويۇپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: 'بىسمىللاھ' دېگىن، يەتتە قېتىم '(ئەئۇزۇ بىئىززەتىللاھى ۋە قۇدرەتىھى مىن شەررى مائەجىدۇ ۋە ئۇھازىرۇ) (ئاللاھنىڭ شان-شەرىپى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۆزۈم سېزىپ ھەزەر قىلىپ تۇرغان كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)' دېگىن " دېگەن(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

10. كېسەل بولۇپ قالغان ئادەم «ئىخلاس» سۈرىسى، «فەلەق» سۈرىسى، ۋە «ناس» سۈرىسى (112-، 113-، 114-سۈرىلەرنىڭ نامى)نى ئۆزىگە ئوقۇپ ھۈرۈش ئارقىلىق كېسەل ئازابىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەش سۈننەتتۇر. چۈنكى ئۇ سۈرىلەر جىن-ئالۋاستىلارنىڭ زىيان-زەخمەتتىدىن، سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن ۋە يامان كۆزلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان سۈرىلەردۇر. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچە ياتىدىغان چاغدا ئىككى قولىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» (ئېيتقىنكى ئاللاھ بىردۇر)، «قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەقى» (پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن پاناھ تىلەيمەن)، ۋە «قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىنناسى» (پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن پاناھ تىلەيمەن) سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ھۈرۈپ، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بەدىنىنى قولى يەتكەن يەرگىچە سىپايتتى، ئالدىن بىلەن بېشىنى، يۈزىنى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىنى سىپايتتى، ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندا مەزكۇر سۈرىلەرنى ئۆزىگە ئوقۇپ ھۈرەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان چاغدا مەزكۇر سۈرىلەرنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلىپ مەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى سىپاپ قوياتتىم (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ سۈرىلەرنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنىڭ كېسەللىك مەزگىلىدە يوقلاپ بېرىپ يۇقىرىقىدەك تەلىم بەرگەن. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئى مۇھەممەد، كېسەل بولۇپ قالدىڭمۇ؟" دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ:" ھەئە" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:" ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن، 'ساڭا ئازار بەرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىدىن، جان ئىگىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ شەررىدىن ياكى ھەسەتخورنىڭ كۆزىنىڭ شەررىدىن ئاللاھ ساڭا شىپالىق بەرگەي' دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن" دېدى(ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قەدىرلىك دىنىي قېرىنداشلار! ھەممىمىز ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ كېسەللىرىنى يوقلاش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇقەددەس دىن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، مۇستەھكەم بىنادەك ئۇيۇشۇپ ئۆزئارا ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بارلىق ئەر-ئايال مۇسۇلمانلىرىمىزنى يۇقىرىدا ئوقۇلغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ روھىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان مۆمىنلەردىن قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# تاھارەت، ناماز ۋە سالامەتلىك*

مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ناماز ۋە سالامەتلىك

"ناماز" پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "سالات" دېيىلىدۇ. ناماز بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئىبادىتى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى. نامازنى ئادا قىلىش ئىخلاسمەن مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى.

ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار(يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر"**{سۈرە «بەقەرە»(2-سۈرە)، 45- ئايەت}؛**"ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى"**{سۈرە «ئەئلا» (87-سۈرە)، 15-ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەت- كەرىمىلەردىن مەلۇمكى، ناماز — ئېتىقادنىڭ ئىپادىسى، ئاللاھقا بىلدۈرۈلگەن سەمىمىي ھۆرمەت، قەلبنى پاكلاپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ياخشى يولى، ئىخلاسمەنلىكنىڭ بەلگىسى.

ناماز— تەننىڭ ھەرىكىتى بولۇپ، شەكىل ۋە روھتىن تەشكىل قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى شەكىل بەدەن ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت قىياپىتىدىكى ئىبادەت بولسا، ئۇنىڭدىكى روھ قەلبنىڭ ئىبادىتى بولۇپ، ناماز قەلبنى، بەدەننى چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. ئۇ، نوقۇل بەدەن ھەرىكىتى بولماي، ئۆزىنىڭ پەزىلەت، خاسىيەتلىرى بىلەن ئىنساننىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ھەر خىل شەكىلدىكى جىسمانىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل جىسمانىي ھەرىكەت.

نامازنى ئۆزىگە خاس 7 تۈرلۈك شەرت، 6 تۈرلۈك پەرز، 12 تۈرلۈك ۋاجىپ، 20 تۈرلۈك سۈننەت، 5 تۈرلۈك مۇستەھەب، دىققەت قىلىدىغان ئىشلاردىن 15 تۈرلۈك مەكرۇ، نامازنى بۇزىدىغان 26تۈرلۈك سەۋەب، ئاياللار دىققەت قىلىدىغان 10 تۈرلۈك مەسىلە...قاتارلىق قائىدە-تۈزۈم ۋە كەيپىياتقا، مۇكەممەل ئېتىقادقا ئىگە بولغان، ھەم روھىي ھەم ماددىي مەزمۇنغا ئىگە مۇقىم بەدەن ھەرىكىتى.

مۇشۇنداق مۇئەييەن قائىدە- تۈزۈم ئاساسىدا نامازخان ئالدى بىلەن غۇسلى- تاھارەت ئېلىپ، پاكلىنىپ، ئۆزىنى ئىنسان قىلىپ ياراتقان ئىلاھىي زات ئالدىدا ئەيمىنىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىرىنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئەزىمەتلىرىدىن قورقۇپ، قىيامدا تىك تۇرۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئۇنىڭ كامالى ئېھتىرامىنى تۇتىدۇ؛ ئۆزىنى ياراتقان ئىلاھىي قۇدرەتكە ئېگىلىپ يەنى رۇكۇ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالىي تەزىمىنى بەجا كەلتۈرىدۇ؛ بېشىنى ئاجىزلارچە قايتا- قايتا يەرگە تەگكۈزۈپ يەنى سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان قۇللۇقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ھوزۇرىدا يەنى "تەشەھھۇد"دا ئولتۇرۇپ، قەلبىدىكى تەلەپ- ئىلتىماسلىرى، ئىلتىجا- ئۈمىدلىرىنى سوراپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، چەكسىز ئىشىنىپ، ئۈمىدۋار بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئىبادىتىدىن روھىي خاتىرجەملىك، قانائەت، سەۋر- تاقەتكە ئىگە بولۇپ، كۈچلۈك مەدەت، كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىپ، مەنىۋى كامالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، ياراتقۇچى ئىلاھىي زاتقا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. دېمەك ناماز — ئاللاھ بىلەن ئىنسان قەلبىنى چىڭ باغلاپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە.

نامازنىڭ ئىسلامىي ئىبادەتتىكى ئەھمىيىتى ۋە

*ماقالىنىڭ «تاھارەت ۋە سالامەتلىك» قىسمى ئۆتكەنكىساندا

ئەۋزەللىكى، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق خاسىيەتلىرىدىن باشقا ئىنساننىڭ تەن سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرىمۇ ئالاھىدە چوڭ. بۇ سەھىپىدە نامازدىكى جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ ساغلاملىق، تەن ساقلىق جەھەتتىكى ئۆزگىچە خاسىيىتى ھەققىدە تېبابەت نۇقتىسىدىن توختىلىمىز.

تېبابەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، نامازدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ” تەكبىر تەھرىمە “ دە ئىككى قولنى قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈش، ئاندىن ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئۈستىدە قويۇش، قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش، ئەتتەھىياتۇدا ئولتۇرۇش- قوپۇش، ئولتۇرغاندا سول پۇتنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتنى تىكلەپ ساغرىنى سول پۇتنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرۇش، ئىككى تەرەپكە سالام بەرگەندە ئوڭ ــ سول تەرەپكە باشنى، كۆكرەك قىسمىنى بۇراش، ئولتۇرغاندا ياكى قىيامدا، رۇكۇدا تۇرغاندا قول- پۇتلارنى ئۆلچەملىك تۇتۇش، پۈتۈن دىققەت- زېھنىي ئىقتىدارىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ مەركەزلەشتۈرۈش ... قاتارلىق ھەرىكەت باسقۇچلىرى تەرتىپ بويىچە تەكرارلىنىدىغان خاس ھالدىكى مۇئەييەن ھالەتلەر بولۇپ، ئۇلار تەرتىپلىك ھالدىكى ئالمىشىش بىلەن بەدەننىڭ ھەر قايسى ئەزالىرىدا ۋە ئورگانىزملىرىدا دەۋرىيلىك ھالدىكى بىر خىل ھەرىكەت شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەن ئەزالىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرى ئالاھىدە ياخشىلىنىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ يەنى ئىنساننىڭ مېڭە، يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، تال، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق رەئىس ئەزالىرىنىڭ خىزمىتى، قان ئايلىنىش، نەپەسلىنىش، ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىنىڭ خىزمىتى ياخشىلىنىپ، سۆڭەك- بوغۇملار ئالاھىدە جانلىنىپ، تەن سالامەتلىك جەھەتتىكى ساپا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ناماز ئىنساننىڭ روھىي بەخت-سائادىتىنى، جىسمانىي راھەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، روھىي مەنپەئەت بىلەن جىسمانىي مەنپەئەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى.

نامازدىكى ئىبادەت ھەرىكەتلىرى ھەر خىل ياشتىكى، ئوخشاش بولمىغان جىنس، ئىرق- رەڭدىكى، ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تارىخىي شارائىت، جەمئىيەت دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىغان، شەرئەت ئۆلچەملىرى يەنى پەرز، سۈننەت، ۋاجىپ، مۇستەھەب، مەكرۇ...لىرى ھەققىدىكى قائىدە- ئۇسۇللىرى ئۆزگەرمەيدىغان، كۈچلۈك ھەرىكەتچانلىقتا، ھاياتى ئاخىرلاشقىچە ئۆمۈر بويى داۋاملىشىشتەك ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە بولغان، ئۆلچەملەشكەن، مۇنتىزىم بەدەن ھەرىكىتى. ئۇ بىخەتەر، ئۇنىۋېرسال، قوللىنىشچان، ئىجرا قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئاسان، ئوتتۇرا ھال سەۋىيىدىكى يەڭگىل ھەرىكەتلەر بولۇپ، ھەر قانداق ئەھۋال، شارائىت ۋە ئىمكانىيەت ئاستىدىكى كىشىنىڭ ئۇنىڭغا تاقىتى يېتىدۇ. ئۇنى ھەتتا 70 — 80 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ ھېچقانچە كۈچىمەيلا تولۇق ئادا قىلىپ، ئۇلۇغ غايە ئاستىدىكى بۇ پائالىيەتتىن روھىي ۋە جىسمانىي مەنپەئەت ئالالايدۇ.

ناماز— ئىنساننىڭ ئاللاھقا بىلدۈرگەن ئېھتىرامى، شۈكرى، ھەمدۇ-ساناسى، قۇللۇق ئىبادىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق ئېھتىياجى، نورمال جىسمانىي پائالىيىتى، تەن ساقلىق ۋە تەن سالامەتلىكنىڭ جىددىي تەقەززاسى بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ھاياتىي دۇنيادىكى مۆئمىن ئىنساننىڭ ھەقىقىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدۇ.

ناماز ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ شەرئەتتە پەرز ناماز، ۋاجىپ ناماز، سۈننەت ناماز، نەفلە ناماز قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان.

ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا بىر كۈنلۈكى ئوقۇلىدىغان 5 ۋاقىت ناماز 17 رەكئەت پەرز، 12 رەكئەت سۈننەت، 3 رەكئەت ۋىتىر ۋاجىپ بولۇپ، جەمئىي 32 رەكئەت بولىدۇ.

نامازنىڭ ھەرىكەت باسقۇچلىرى بويىچە ھەر كۈندىكى 32 رەكئەت ناماز ئاددىي ھېساب بويىچە سانىغاندا، 12 قېتىم ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ ئىككى قولى بىلەن قۇلاق قېقىپ، قولنى رۇسلاپ، ئوڭ قولنى سول قول ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇش؛ 32 قېتىم قىيامدا قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرۇش؛ 32 قېتىم رۇكۇدا ئېگىلىش ۋە قەددىنى رۇسلاش؛ 64 قېتىملىق سەجدىدە بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇش؛ 64 قېتىملىق ئولتۇرۇش- قوپۇش، ئوڭ تەرەپكە 11 قېتىم، سول تەرەپكە 11 قېتىم يۈزنى بۇراپ سالام بېرىشتەك ھەرىكەت باسقۇچلىرى بىلەن ئادا تاپىدۇ.

بىر يىللىق 365 كۈن دەپ ھېسابلىغاندا، پۈتكۈل ناماز 11680 رەكئەت بولسا، 50 ھەپتىدىكى 100 رەكئەت جۈمە ناماز، يىلدا بىر قېتىمدىن ئوقۇلىدىغان ئىككى ھېيتتىكى ئىككى رەكئەتتىن 4 رەكئەت ھېيت ناماز، ھەر يىلدىكى رامزان روزىسىدىكى 30 كۈندە ئوقۇلىدىغان جەمئىي 600 رەكئەت تەراۋىھ نامازلار



www.uyghurkitap.com

قوشۇپ سانىلسا، بىر يىلدا 12380 رەكئەت ناماز بولىدۇ. بۇ نامازلار 4780 قېتىملىق ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتىپ، قولنى تۇزلەش؛ 12380 قېتىملىق قىيام؛ 12380 قېتىملىق رۇكۇ؛ 24760 قېتىملىق سەجدە ۋە ئولتۇرۇش- قوپۇش؛ 6190 قېتىملىق ئوڭ- سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ سالام بېرىشتەك ناھايىتى كۆپ بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئورۇنلانغان بولىدۇ. بۇ، قارىماققا ئاددىي ھالدىكى ھېسابلاش بولىسمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ''ناماز'' مۇناسىۋىتى بىلەن ئورۇنلىنىپ، ئۆمۈر بويى داۋاملىشىپ كېلىدىغان ئۆلچەملىك بەدەن ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۈزۈلمەس قاتارىنى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى، تەن سالامەتلىكىگە بولىدىغان چوڭ تەسىرىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

ھەرىكەت دېگەندە، ئادەمنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاناتومىيە ئىلمى، ھاياتلىق پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان فىزىئولوگىيە ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، بەدەندىكى ھەرىكەت چوڭ مېڭە ۋە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ قوماندانلىقى بىلەن بەدەندىكى مۇسكۇل، سۆڭەك، پەي، بوغۇم، كۆمۈرچەك، نېرىپ ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە رىياسەتچى ئەزالاردىن بولغان يۈرەك، ئۆپكە، تال، جىگەر، بۆرەك ... قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان نورمال ھاياتلىق پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشىدە 206 پارچە سۆڭەك، 369 پارچە توغرا يوللۇق مۇسكۇل بار. ئۇلار بەدەندىكى بوغۇملار، پەي، ئۇگە... قاتارلىقلار ئارقىلىق بىر- بىرىگە ئۇلىنىپ، مەھكەم جىپسىلاشقان بولۇپ، خۇددى بىر ئىمارەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە ئوخشاپ، مۇكەممەل ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بەدەندىكى مۇسكۇل — ھەرىكەت سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قىسمى بولۇپ، ئۇ، مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، بەدەندىكى سۆڭەك مۇسكۇلى ئاڭغا، كىشىنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. كىشىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى كۈچ ۋە قاتتىقلىقنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ. كۈچ مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ئورگانىزم ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە يادروسى. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ، مېڭىنىڭ قوماندانلىقى بىلەن ھەرىكەتتىكى مۇسكۇللار ئۆز ئارا ماسلىشىش ئارقىلىق ئىنساننىڭ قەددىنى تىك تۇرغۇزۇپ، ھەرىكەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەپلا قالماي، بەلكى بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. نورمال ئادەمدە بار بولغان مۇسكۇل ۋە بارلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ كۈچى بىر يۆنىلىشكە قاراپ كۈچەپ ھەرىكەت قىلسا، ھەتتا 25 تونىنا ئېغىرلىقتىكى 6 دانە ئاپتوموبىلنى سۆرەپ مېڭىشقا تامامەن يېتىدۇ. مۇسكۇللار نامازدىكى ھەرىكەتلەرگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تولۇق قاتنىشىدۇ. ئىلتىجا، ئۈمىد- ئارزۇ ھەمدە قورقۇنچ، ئەيمىنىش ئىچىدىكى نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن قارايدىغان بولساق، قىيام ئىلاھىي زات ئالدىدا قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرۇش بولۇپ، مۇنداق تىك تۇرۇشقا بەدەندىكى ئىنساننى تىك تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغۇچى مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى، مېڭە دۆڭچىسىدىكى ئويۇقچە ئىچىدە بولىدىغان سۈيۈقلۇقتىن ئىبارەت كونترول مەركىزى، مۇسكۇللاردىن ئومۇرتقا تۈزلىگۈچى مۇسكۇل، يەنى ساغرا چوڭ مۇسكۇلى، يوتا ئارقىسىدىكى ئىككى باشلىق مۇسكۇل، پاقالچاق بۇلجۇڭ گۆشى مۇسكۇلى ... قاتارلىق كۆپلىگەن مۇسكۇللار قاتنىشىدۇ.

ئىمان- ئېتىقادتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي غايە يېتەكچىلىكىدە، قۇدرەتلىك بىر ئاللاھ ئالدىدا نىيەت قىلىپ ''بىسمىللاھ'' دەپ تىك تۇرۇش - ئىنساننىڭ مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىدىكى دىققەت مەركىزىنى ئالاھىدە جانلاندۇرىدۇ. دىققەت — ئىنساننىڭ پسىخىكا پائالىيىتىنىڭ بەلگىلىك شەيئىگە قارىتىلىشى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى بولۇپ، ئۇ ئورگانىزمنىڭ ئەتراپ مۇھىتىدىكى غىدىقلىغۇچىلارنى سېزىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. دىققەت يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە بەدەندىكى مۇسكۇللار جىددىيلىشىدۇ، مەقسەتكە ئالاقىدار بولمىغان ئارتۇقچە ھەرىكەتلەر ۋە ئوي- خىياللار چېقىرىپ تاشلىنىدۇ. ''ناماز'' قۇدرەتلىك بىر ئاللاھقا تەلپۈنگەن ئالىي غايە يەنى قەلبكە پۈكۈلگەن ئاڭلىق دىققەت بولۇپ، ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئالىي پەللىسى ئىبادەتنىڭ تەنتەنىلىك مىنۇتلىرىدۇر.

نامازدا ئىككى قولنى قۇلاقنىڭ يۇمشىقى باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ''ئاللاھۇ ئەكبەر'' دەپ تەكبىر ئېيتقاندا، قول ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە بەدەن بىلەن بىرلىكتە تۈزلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بارلىق جىسمانىي پائالىيىتىدە قولنىڭ رولى چوڭ. ئۇ، سوزۇلۇش، ئېگىلىش، يىغىلىش، ئوڭ- سول تەرەپكە بۇرۇلۇش، بارماقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش...قاتارلىق مۇھىم پائالىيەتلەرنى بېجىرىدىغان ئەزا بولۇپ، ناماز جەريانىدا قولنىڭ رولى

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلىك بولىدۇ، يەنى تەكبىر ئېيتىش قول كۆتۈرۈش بىلەن ئورۇنلىنىدۇ، ئاندىن ئوڭ قول سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، رۇكۇغا بارغاندا ئىككى قول بىلەن ئىككى تىز قاماپ تۇتۇلۇپ، تىز ئارقىغا ئىتتىرىلىپ، پەيلەرنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە سوزۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، سەجدە جەريانىدا بەدەننى تىرەپ، باش ۋە بۇرۇننىڭ يەرگە نورمال تېگىپ تۇرۇشىنى، ھەمدە پۈتكۈل گەۋدىنى كۆتۈرۈشنى قول كاپالەتلەندۈرىدۇ.تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئىككى قول تىزنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، بەدەننىڭ تەكشۈلۈكى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى جىمجىتلىق ساقلىنىدۇ. سالام بېرىپ، ناماز ئاخىرلاشقاندا بولسا ئاللاھقا بولغان ئىلتىجا، سەممىي ئېھتىرام ئىككى قولنىڭ تەلمۈرۈشىدىن ئىبارەت دۇئا بىلەن ئاخىرلىشىپ خۇلاسە قىلىنىدۇ. دېمەك، قول ناماز جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاكتىپ، پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىككى قولنىڭ ئاپتوماتىك ھەرىكەت ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى زور بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى قول بېغىش-بوغۇملىرىنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، ئۇششاق بارماقلارنىڭ تۇتۇش، قاماش، سىقىش ئىقتىدارىنىڭ ياخشى بولۇشى، قولدىكى ئۇيۇشۇپ قېلىش، تۇتۇش، ئېگىلىش ئىقتىدارى ياخشى بولماسلىق، قول بارماقلىرى تىترەش ... قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇشتىن ساقلىنىشتا ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار.

نامازدىكى رۇكۇ مۇھىم ئىبادەت ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ نامازخانىنىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ يۈكسەك ئەزىمىتى، كامالى قۇدرىتى، تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقىغا قىلىنغان تەزىمى. رۇكۇدىكى ئېگىلىش ھەرىكىتىدە بەدەن چوڭقۇر ئېگىلىپ، باش، بەل، كاسا...قاتارلىق ئەزالار بىر تۈز سىزىق ھالىتىگە كېلىدۇ. ئىككى قول ئىككى تىزنى قاماپ تۇتۇپ، ئۇنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپ، پەيلەرنىڭ سوزۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، كۆز ئىككى پۇتنىڭ ئۇچىغا تىكىلىدۇ. بۇ ھالەت "سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم"نىڭ 3- 5 قېتىمغىچە تەكرارلىنىشى بىلەن بىر قانچە سېكۇنت داۋام قىلىدۇ ۋە تەكبىر بىلەن نامازخان قەددىنى رۇسلايدۇ. بۇ جەريانىدا ئاساسلىقى قورساق مۇسكۇللىرى، بەل چوڭ مۇسكۇللىرى، يانپاش بەل مۇسكۇللىرى، يوتا تۆت باشلىق مۇسكۇللىرى ... قاتارلىق مۇسكۇللار قىسقىراپ، بەدەننىڭ تۆۋەنكى مۇچىلىرى بىلەن گەۋدە ئارىسىدىكى ئېگىلىش ۋە قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرۇش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. رۇكۇ ئارقىلىق بەدەندىكى چوڭ قان تومۇرلاردا، ئاساسىي مۇسكۇللاردا ۋە باشقا ئەزالاردا تەكرار تەڭشىلىش داۋام قىلىدۇ، يۈرەك كۈچلۈك سوقىدۇ، نەپەس ئېلىش چوڭقۇرلىشىدۇ.

نامازدىكى سەجدە، يەنى بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈش ئىلاھىي قۇدرەتكە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا بولغان بەندە ــ قۇللۇقىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم ئىبادەت ھەرىكىتى بولۇپ، ئىككى قولنىڭ ئالقىنى يەرگە تىرىلىپ، پېشانە، بۇرۇن يەرگە نورمال تەككۈزۈلىدۇ. قول گەۋدىنى مۇۋاپىق ھالدا تىرەپ تۇرىدۇ. "سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا" دېگەن ئۇلۇغلاش كەلىمىسى 3 قېتىم، 5 قېتىم ياكى 7 قېتىمدىن تەكرارلىنىپ، باش ۋە گەۋدە كۆتۈرۈلىدۇ. سەجدىدىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت تەكرار داۋام قىلىش جەريانىدا بەلنىڭ يۇقىرىسىدىكى مۇسكۇللاردىن تەخمىنەن 40 پارچىدىن ئارتۇق مۇسكۇل جىددىيلىشىدۇ، يەنى گەۋدە مۇسكۇللىرىدىن چوڭ-كىچىك كۆكرەك مۇسكۇلى، دۈمبە كەڭ مۇسكۇلى، دىئافراگما مۇسكۇلى، قورساق مۇسكۇلى، تۆۋەنكى مۇچىدىكى ئاساسلىق مۇسكۇللار، ئىككى بىلەكتىكى مۇسكۇللار قىسقىراپ، سەجدىدىكى بەدەن ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە سۇيۇقلۇقنىڭ پەسكە قاراپ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە بەدەندىكى قان ئېقىمى چوڭ مېڭىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا لىق تولىدۇ. ئۆپكىنىڭ بارلىق پۇۋەكچىلىرى تېخىمۇ ئېچىلىدۇ. نەتىجىدە قان ئايلىنىش تېزلىشىپ، نەپەس چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. سەجدىدىكى تەكرار ھەرىكەت ئارقىلىق ئىككى قولنىڭ تىرەش، كۆتۈرۈش كۈچى ئېشىپ، تىز بوغۇملىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارى، يۇقىرىغا قاڭقىش، ئىتتىرىش كۈچى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىككى رەكئەتلىك ۋە تۆت رەكئەتلىك نامازدىكى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش ئارقىلىق بەدەن تۈزلىنىدۇ. بەدەننى تۈزلەپ، سول پۇتنى پۈكلەپ، ئوڭ پۇتنى تىكلەپ، سول پۇتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇش، دۇرۇت ئوقۇش، دۇئا ئوقۇش جەريانىدا ئومۇرتقا تىكلىگۈچى مۇسكۇللار، يانپاش، تىز بوغۇملىرىنى ئەگكۈچى مۇسكۇللار ۋە بەدەننىڭ ئۇششاق بوغۇملىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، بەدەندىكى مۇسكۇللار جىددىيلىكى بوشاپ، مېڭە تەرەپكە يىغىلغان زىيادە قان ئېقىمى پۈتكۈل گەۋدىگە تارقىلىپ، يۈرەك رىتىمى ۋە نەپەس نورماللىشىپ، قىسقا مەزگىللىك ئەسلىگە كېلىش يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە كېيىنكى ناماز ھەرىكەتلىرى جانلىق ۋە تېز ئورۇنلىنىدۇ.

ناماز ئاخىرىدا ئىككى تەرەپتىكى جامائەتنى ۋە

مالائىكىلەرنى نىيەت قىلىپ، ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپكە يۈزىنى بۇراپ، ئاندىن سول تەرەپكە يۈزىنى بۇراپ "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ" دەپ سالام بېرىلىدۇ، ئىككى تەرەپكە سالام بېرىشتە، باش ئۈستىگە، ئاستىغا ۋە ئوڭ- سول تەرەپلەرگە رەتلىك ۋە يەڭگىل ھالدا بۇرۇلۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. مۇنداق ھەرىكەت جەريانىدا بويۇن مۇسكۇللىرى، بويۇندىكى سۆڭەك بوغۇملىرى، كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىدۇ.

بويۇن — باش بىلەن كۆكرەك گەۋدىسى ئارىسىدىكى دائىرە بولۇپ، 8 تال بوغۇم ئارقىلىق باش بىلەن گەۋدىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. پۈتكۈل بەدەنگە تارقايدىغان نېرۋىلار، يۈرەكتىن چىقىپ باش ۋە مېڭە قىسمىغا بارىدىغان ۋە كېلىدىغان چوڭ قان تومۇرلار، بويۇن چېگىشى، ئۈچلۈك نېرۋا تېرە شېخىنىڭ تارقىلىش يوللىرى بويۇندىن ئۆتىدۇ. بويۇن بويۇن ئۆزە مۇسكۇلىنىڭ مۇناسىپ قىسقىرىشى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بويۇن بوغۇملىرى باشنى ئالدى- كەينىگە، ئوڭ-سولغا بۇراش ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلاردا سەللا زەخىملىنىش كۆرۈلسە، ھەر خىل سەزگۈلەر توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ھەتتا بەدەندىكى ھەرىكەت مۇسكۇللىرى پالەچلىنىپ قىلىشى مۇمكىن. نامازدىكى تەرتىپلىك ۋە يەڭگىل ھالەتتە باشنى ئۈستىگە، ئاستىغا كۆتۈرۈش، ئوڭغا-سولغا بۇراش ھەرىكىتى بويۇنىنىڭ ئىككى تەرەپكە نورمال قايرىلىش، ئەركىن ھەرىكەتلىنىش، بويۇن مۇسكۇلىنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بويۇن مۇسكۇللىرىنىڭ ۋە سۆڭەك ئۇگىلىرىنىڭ قېتىپ قېلىش، بويۇندىكى سۆڭەك كاناللىرىنىڭ كىچىكلەپ، تۆۋەنگە ئۆتىدىغان نېرىپ تالالىرىنى قىسىۋېلىپ، بەدەندىكى ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ پالەچلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بويۇن ئومۇرتقا كېسەللىدىن ئىبارەت بىرلەشمە كېسەللىكنىڭ نىسبىتىنى ئازايتىشتا بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئىگە. ئۇزۇن زامانلارنىڭ مابەينىدىكى تېبىبي جەھەتتىكى كۆزىتىش ۋە سانلىق مەلۇماتلار بويۇن ئومۇرتقا بىرلەشمە كېسىلىنىڭ مۇسۇلمانلاردا، 5 ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغانلاردا نىسبەتەن ئاز كۆرۈلىدىغانلىقىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلىماقتا.

ناماز ئۆزىدىكى ئىبادەتنى چىقىش قىلغان غايىۋى مەزمۇن ھەمدە بەدەن ھەرىكەتلىرىنى شەكىل قىلغان ماددىي مەزمۇنى بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىق بەلگىلىرى يەنى يۈرەك سوقۇشى، قان بېسىم، نەپەس رېتىمى، ئەس- ھوشى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ھاياتلىق بەلگىلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغان ئىچكى ئامىل يەنى نېرۋا، يۈرەك قان تومۇر، نەپەسلىنىش، ھەزىم قىلىش، سۆڭەك مۇسكۇلى، ئاجرىتىپ چىقىرىش، ئىچكى ئاجراتما، ئىممۇنىتېت كۈچى...قاتارلىق سېستىمىلارنىڭ خىزمەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ سېستىمىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى مۆلچەرلىگۈسىز ياخشىلاپ، ئۇنىڭغا روھىي ساغلاملىق ۋە جىسمانىي ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، نامازدىكى ھەرىكەتلەر نېرۋا سېستىمىسىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. نېرۋا سىستېمىسى — مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى دېگەن ئىككى چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مەركىزى نېرۋا سىستېما مېڭە بىلەن يۇلۇندىن تەركىب تاپقان، ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسى مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى، بەدەننىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىغا تارقالغان، مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى ئۈچۈن ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە تارقىتىش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى قىسىم. نېرۋا سىستېمىسى پۈتكۈل بەدەندىكى ھەر قايسى ئەزا، سىستېما ۋە توقۇلمىلاردىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىدارلىق سىستېما. ئۇ، پۈتكۈل بەدەننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى باشقۇرىدۇ. شۇنداقلا ئىچكى-تاشقى مۇھىتنىڭ غىدىقلىنىشى، ئۆزگىرىشىگە بەزىدە ماسلىشىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ ۋە بەزىدە بەزى غىدىقلىنىشلارنى ۋە ئۆزگىرىشلەرنى رەت قىلىدۇ. نامازدىكى تەكبىر- تەھرىمەدە كىشى تاشقى مۇھىتتىكى ھەممە سىگناللار ۋە ئۆزگىرىشلەردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، بىر ئاللاھ ھەققىدىكى سەممىي ئىبادەت، ئاللاھنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت بىرلا روھىي پائالىيەت ناماز ھەققىدىكى ئۇچۇرنى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق مېڭە ۋە يۇلۇنغا يەتكۈزىدۇ. مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى بۇ ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىپ ۋە رەتلەپ، بەدەندىكى بارلىق ئەزالارغا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئادەم بەدىنى مۇناسىپ ئىنكاس پەيدا قىلىپ، گەۋدە مۇسكۇللىرىنىڭ زىيادە كۈچلۈك ھەرىكىتى بىلەن بەدەننىڭ نامازدىكى رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش، قوپۇش، ئىككى تەرەپكە قايرىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا يۈرەك ۋە نەپەس ھەرىكىتى تېزلىشىپ، ئۇلارنى يېتەرلىك ئېنېرگىيە بىلەن

تەمىنلەپ، روھىي كەيپىياتنىڭ جىددىيلىكىنى ئاشۇرۇپ، بەدەننىڭ ئەڭ سەزگۈر ۋە ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت ئىنكاسىنىڭ ھەممىسى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كونتروللۇقىدا ئۆزىنى ئىلاھىي قۇدرەتكە چىن ئىخلاسى بىلەن تاپشۇرۇشتا ئورۇنلىنىدۇ. مۇنداق تەكرار پائالىيەت ئەقلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ھەمدە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەڭشەش رولىنى كۈچەيتىدۇ ۋە جانلاندۇرىدۇ. ناماز چوڭ مېڭىنىڭ ھەر خىل سەزگۈلەرنى ئانالىز قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئالاھىدە ياخشىلاپ قالماي، بەلكى زېھنىي ئىقتىدارى ناچارلىشىش، ئۇنتۇغاقلىق، قېرىلىقتىكى دىۋەڭلىك يەنى دۆتلۈك كېسەللىكىدىن ساقلىنىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا نامازخانلارنىڭ روھىي ۋە ماددىي ئىنكاسى، ھەر خىل سەزگۈلىرى ئالاھىدە ياخشى.

ئىككىنچى، نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئادەمنىڭ يۈرەك-قان تومۇر سىستېمىسىنىڭ نورمال ھەرىكىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. نورمال كىشىنىڭ تېنىدە 6 دىن 7 لىترغىچە قان سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. بەدەندىكى قان تومۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بارلىق قان تومۇرلارنى بىر بىرىگە ئۇلىسا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەر شارىنى بىر قانچە قېتىم يۆگەشكە يېتىدۇ. قان سۇيۇقلۇقى يۈرەكنىڭ سىقىپ چىقىرىش كۈچى بىلەن بەدەندىكى چوڭ-كىچىك ۋە قىل قان تومۇرلار ئىچىدە توختىماي ئېقىپ، ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

قان ئايلىنىش سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە يۈرەك مەركىزى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەزا بولۇپ، بۇ، ماددىي جەھەتتىن قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يەنى قاننى سىقىپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئەزاسى. لېكىن ئۇ، قاننى سىقىپ چىقارغۇچى ناسوسقا ئوخشاش بىر خىل قۇرۇلما بولۇپلا قالماي، بەلكى روھىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۈرەك — ئىنسانلىق قەلب، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىرلىق ماكانى. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ياراتقان ۋە بارلىققا كەلتۈرگەن ئىلاھىي زاتنى تونۇيدىغان، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي سوقىدىغان، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى قەرز ھېسابلايدىغان، ئىنسانغا خاس ئالاھىدە بىر ئەزا. روھىي كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشى، روھىي جىددىيلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن يۈرەك ھەرىكىتىدە تېزلىشىش ياكى ئاستىلىشىش ۋە ياكى بىر خىل رىتىمدا ھەرىكەتلىنىش بولىدۇ. نورمال ئەھۋال ئاستىدا يۈرەك مىنۇتىغا 70 — 80 قېتىمغىچە سوقىدۇ.

گەرچە ھەر قايسى خىلدىكى نامازلارنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتى ئۇزۇن-قىسقا بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل غايە، بىر خىل ئەقىدە، بىر خىل ئېتىقاد يېتەكچىلىكىدە ناماز ھەرىكەتلىرى جەريانىدىكى ھەرىكەت سىجىللىقى كۈچەيگەندە يۈرەكنىڭ رىتىمى، قاننى سىقىپ چىقىرىش دەۋرىيلىكى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ، يەنى ناماز ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان ئەزالاردىكى مۇسكۇللار، سۆڭەك، ھۈجەيرە، توقۇلمىلارغا ئورۇنلاشقان مىڭلىغان قان تومۇر، قىل قان تومۇرلاردا، قىيام، رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش، قوپۇش قاتارلىقلار بىلەن قىسىلىش، تارىيىش، كېڭىيىش، يۈرەك رىتىمى تېزلىشىش ... قاتارلىقلار ئارقىلىق بەدەندە قان راۋان ئايلىنىدۇ-دە، يۈرەك ھەرىكىتى تومۇرلاردىكى قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپلا قالماي، بەلكى بەدەندىكى نورمال ماددا ئايلىنىشقا ئالاھىدە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ ماددا ئالمىشىش جەريانىدا ھاسىل بولغان ئورگانىزمغا ئېھتىياجلىق ماددىلار قان ئايلىنىشتىن ئىبارەت توختاپ قالمايدىغان توشۇش سىستېمىسى ئارقىلىق بەدەندىكى مۇناسىپ ئەزا، توقۇلما ۋە پۈتكۈل بەدەندىكى 50 تىرىلليوندىن كۆپ بولغان ھۈجەيرىلەرگە يېتىپ بېرىپ، شۇ توقۇلما، ھۈجەيرىلەرنىڭ نورمال خىزمىتى ئۈچۈن ئېنېرگىيە بولىدۇ. كېرەكسىز ماددىلار يەنە شۇ قان ئايلىنىش ئارقىلىق بەدەندىكى ئۆپكە، بۆرەك، تېرە ... قاتارلىقلارغا يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئادەم بەدىنىدىكى قاننىڭ ئورگانىزمنىڭ ئىچكى مۇھىتىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، توشۇش، تەڭشەش، ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشتەك ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ ھەرخىل خىمىيىلىك تەركىبلىرىنىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى ۋە نورمال تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلىشى ئىچكى مۇھىتنىڭ نىسپىي مۇقىملىقى بولۇپ، نامازدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ داۋاملىقلىقى مۇنداق نىسپىي مۇقىملىقنىڭ ساقلىنىشىدا ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدۇ. نامازدىكى ھەرىكەتلەر يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ. قان تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ساقلاپ، قان تومۇرلارنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تارىيىش، توسالغۇ پەيدا بولۇشىنىڭ، قىل قان تومۇرلارنىڭ قېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ناماز يۈرەك رېتىمسىزلىقىنى ساقايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى

www.uyghurkitap.com

داۋاسى.

ئۈچىنچى، نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئىنساننىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نەپەسلىنىش سىستېمىسى ـ نەپەسلىنىش يولى، ئۆپكە، كۆكرەك پەردىسى ... قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ئەزالار ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، كاربون IV ئوكسىدىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئۆپكە — نەپەسلىنىش سىستېمىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە مۇرەككەپ بىر ئەزا بولۇپ، ئۇ نەچچە مىليارد پۇۋەكچىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇنى مىڭلىغان، مىليونلىغان قىزىل قان تومۇر، كۆك قان تومۇرلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى پۇۋەكچىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىغاندا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىگە يېتىپ ئاشىدۇ. ئۆپكىدىكى ئەنە شۇ پۇۋەكچىلەر ئۆزىدىكى بېسىم كۈچى ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاھ ھاياتلىق دۇنياسى ئۈچۈن لايىق ۋە زۆرۈر قىلىپ ياراتقان، پۈتكۈل يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان"مۇھاپىزەت كۆنلىكى" بولغان ئاتموسفېرادىكى، جانلىقلار ئۈچۈن بىكارغا بېرىلگەن، پۇلسىز مۆجىزات — ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، بەدەندىكى بىئولوگىيىلىك تەرتىپ، خىمىيىلىك رېئاكسىيەلەردە ئاجرىلىپ چىقىپ ئۆپكىگە يېتىپ كەلگەن قاندىكى كاربون IV ئوكسىدىنى قويۇپ بېرىپ، ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

نەپەسلىنىش سىستېمىسى ئىنساننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى، نۇتۇقىنىڭ خاسىيىتى بىلەن تۇزىلىش ۋە ئىقتىدار جەھەتتىن تېخىمۇ ئالىي، تېخىمۇ مۇكەممەللىك كامالىتىگە يەتكەن.

نامازدىكى قىيام، رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش...قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ دەۋرىيلىكى نەتىجىسىدە قان ئايلىنىشقا مۇناسىپ ھالدا، ئۆپكىنىڭ ھەرىكىتى ئالاھىدە كۈچىيىدۇ. كۆكرەك قەپىزىنى تۇتۇپ تۇرغان مۇسكۇللار، بەدەن ئىچىدىكى مۇسكۇللار، قورساق دىۋارلىرى، دىئافراگما...قاتارلىقلارنىڭ ماس قەدەمدىكى ھەرىكىتى ئارقىلىق نەپەس تېزلىشىدۇ. نەپەس چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۆپكىنىڭ بارلىق پۇۋەكچىلىرىگە ھاۋا تولىدۇ. نەتىجىدە ئۆپكىنىڭ سىغىمچانلىقى ئاشىدۇ. بولۇپمۇ، ناماز ئىچىدىكى تەكبىرلەرنى ئاۋازلىق ئېيتىش، قىرائەتنى ئاۋازلىق، جاراڭلىق قىلىشنىڭ ئىنساننىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسى پائالىيەتلىرىگە بولغان تەسىرى زور بولۇپ، بەدەنگە زور مىقداردا ئوكسىگېن قوبۇل قىلىنىپ، كۆپ مىقداردىكى كاربون IV ئوكسىدى چىقىپ كېتىپ، بەدەندە يەڭگىل ـ ئازادىلىك، چاققانلىق ئىشقا ئاشىدۇ. نامازخانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قەددى قامەتلىك، تىك گەۋدىلىك، ئاۋاز ـ نەپەسلىرىنىڭ راۋان ۋە جاراڭلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

تۆتىنچى، نامازدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنساننىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك.

ئىنسان بەدىنىدىكى ھەرىكەت سىستېمىسى ـ سۆڭەك، سۆڭەكلەرنىڭ تۇتىشىشى، سۆڭەك مۇسكۇلىدىن ئىبارەت قىسىملاردىن تەركىب تاپقان. ھەرىكەت سىستېمىسى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەڭشىشى ۋە باشقا سىستېمىلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئادەم بەدىنىنى تىرەپ تۇرۇش، قوغداش بىلەن ھەرىكەت قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ھەرىكەت سىستېمىسىدىكى سۆڭەك شەكىل ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئىگە ئەزا بولۇپ، قاتتىق ۋە ئېلاستىكىلىقىقا ئىگە. ئۇ قان تومۇر، لىمفا كانىلى ۋە نېرۋىلارغا باي بولغان ماددا ئالمىشىش ۋە ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەمدە قايتا تىكلىنىش، يارىلارنىڭ پۈتۈپ ئەسلىگە كېلىشى، قايتا ئۆسۈپ تولۇقلاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ياشنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. دائىملىق نورمال ھەرىكەت جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ، قاۋۇل ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ.

مۇسكۇل بولسا ھەرىكەت سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قىسمى. ئۇ، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن قىسقىراپ، سۆڭەكنى تارتىپ ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ. ھەرىكەت مۇسكۇللارنىڭ تەرەققىياتى، مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتى. مۇسكۇللار ھەرىكەت خىزمىتىدىن باشقا يەنە ئادەم بەدىنىدىكى ماددا ئالمىشىشنى ئېلىپ بېرىشتا، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ساقلاشتا، تېمپېراتۇرا ھاسىل قىلىشتا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مۇسكۇللاردا تىنچ كۈچ رولى بار، ئۇ، مۇسكۇلنىڭ بەلگىلىك جىددىيلىكى بولۇپ، بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەلگىلىك ۋەزىيەتنى ساقلاپ، نىسپىي تەڭپۇڭلۇققا ئىگە قىلىدۇ. نامازدىكى قىيام، رۇكۇ، سەجدە ... قاتارلىقلاردىكى ھەرىكەتلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىنچ ھەرىكەتلەر. يەنە مۇسكۇلنىڭ ھەرىكەتلىك رولى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىك كۈچ تەسىرى بولۇپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. رۇكۇغا بارغاندا ئىككى قولنىڭ ئىككى تىزىنى قاماپ، تىزنى ئىتتىرىپ تۇرۇشى، سەجدە جەريانىدىكى ئىككى قولنىڭ گەۋدىنى كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشى، ئولتۇرۇش-قوپۇش، سەپكە تىزىلىش، مەسچىتكە بېرىش-كېلىش...قاتارلىقلار مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى ھەرىكەت بولسۇن، ئۇلار مۇسكۇل، بوغۇم، پەيلەرنىڭ قىسقىرىشى، بوشىشى ۋە تىنچ ھالەتكە ئۆتۈشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئالاھىدە ياخشىلايدۇ ۋە بۇ ئىقتىدارنى خاس سېزىم ئاساسىدا ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پۇتكۇل بەدەننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان سۆڭەكلەر بوي ۋە ياشقا قاراپ تولۇقلىنىدۇ. 30- 40 ياشلاردىن باشلاپ چېكىنىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇ ھال ئومۇرتقا تەخسىلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇرتقىلاردىكى سۇ مىقدارى تۆۋەنلەپ، ئېلاستىكلىقى چېكىنىپ، بېسىمغا قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىزلىشىدۇ، سۆڭەكلەردە شالاڭلىشىش يۈز بېرىدۇ. نامازدىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك ئىبادەت، يەنى دائىملىق ھەرىكەت شەكلى بىلەن بەدەندىكى مۇسكۇل، سۆڭەك، بوغۇملارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، سۆڭەك، مۇسكۇللاردىكى ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بوغۇملارنىڭ ئىچى-تېشىدا چاپلىشىشى، بوغۇملار ئەتراپىدىكى مۇسكۇللارنىڭ يىگىلەش، چاپلىشىشنى توسۇپ، بوغۇملارنىڭ قېتىشىپ قېلىشىنىڭ خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ. نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقى بىلەن ئىنساننىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىنىڭ خىزمىتىنىلا ياخشىلاپ قالماي، بەلكى ئىنساننىڭ پۈتكۈل بەدەن سۈپىتىنى ياخشىلاپ كەلمەكتە. تېبابەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەرىكەت جەريانىدا ئىپادىلەنگەن كۈچلۈكلۈك، چارچاشقا قارشى تۇرۇشتەك چىدامچانلىق، چاققانلىق ۋە ئەۋرىشىملىك...قاتارلىق ئورگانىزم ئىقتىدارى بەدەن سۈپىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بەدەن سۈپىتىنىڭ سەۋىيىسى يالغۇز مۇسكۇللارنىڭ ئۆز ئاناتومىيىسى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەپ بەرمەستىن، بەلكى مۇسكۇللارنىڭ خىزمىتى بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى، ئىچكى ئەزالارنىڭ ماسلىشىشى، نېرۋىلىرىنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا نامازخانلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى، بەدەن ھالىتىنى تىزگىنلىشى يەنى تەكشۈكلۈقنى ساقلىشى، ھەرىكەت ئىنكاسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئۇلار تەرتىپلىك ھالدا ئولتۇرۇپ، دەس تۇرالايدۇ، سۆڭەك شالاڭلىشىپ كېتىش كېسىلىگە ئاسان گىرىپتار بولمايدۇ.

بەشىنچى، نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئىنساننىڭ ھەزىم قىلىش سېستىمىسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ــ ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە ھەزىم قىلىش بەزلىرى قاتارلىق ئىككى قىسىمدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي رولى يېمەكلىكلەرگە قارىتا فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ھەزىم قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھاياتقا كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈپ، ئۇنى ئورگانىزم ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ خام ئەشياسى قىلىشتىن ئىبارەت. بەدەننىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئېنېرگىيە كېرەك بولىدۇ. بەدەندىكى ئېنېرگىيە يېمەكلىكتىن كېلىدۇ. ئېنېرگىيىنى ساقلاشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان داۋاملىق ئوزۇقلىنىدۇ، يەنى ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق تەبىئىي مۇھىتتىكى يېمەكلىكتىن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ، بەدەندىكى ماددا ئالمىشىشنىڭ ئاساسىي ھالقىسى. نامازدىكى قىيام، رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش-قوپۇش...قاتارلىق تەرتىپلىك ھەرىكەت ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ يەنى ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ. ھەزىم قىلىش بەزلىرىنىڭ سۇيۇقلۇقلارنى نورمال ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەدەننىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇپ، ھەزىم قىلىش ۋە سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. نامازدىكى ھەرىكەتلەردىن رۇكۇ قىلىپ ئېگىلىش، سەجدە قىلىپ بەدەننى ئىككى قاتلاش، ئولتۇرۇش ۋە دەس قوپۇش، ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا كىندىك ئۈستىگە قويۇش...قاتارلىق خاس ھەرىكەتلەر بەدەندىكى ھەر قايسى نۇقتىلارنى قوزغىتىش، ئۇلارغا ئۇچۇر يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەڭشەش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىملىق، ئۆلچەملىك ھالدىكى تەكرارلىنىشى ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ۋە نېرۋا سېستىمىسىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ سېستىمىلارنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچلۈك رول ئوينايدۇ.

ئالتىنچى، نامازدىكى ھەرىكەتلەر ئىنسان بەدىنىدىكى ئىممۇنىتېت سېستىمىسىغا غايەت چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى— بەدەننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىتتىن كەلگەن ھەر خىل يات ماددىلارغا ياكى مىكرو جانلىقلارغا قارشى تۇرىدىغان ياكى

ئۇنى يەكلەيدىغان قوغدىنىش سىستېمىسى. ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھاياتلىق پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ نامازدىن ئىبارەت خاسىيەتلىك بۇ ئىبادەت ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن كىشىگە كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان قابىلىيەتنى ئاتا قىلىپ كەلمەكتە. نامازخانلار چىن ئىخلاسى بىلەن ناماز ھەرىكەتلىرىنى ئادا قىلىپ، ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ ھەر خىل خىمىيىلىك تەركىبلىرىنىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، نورمال تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشىدەك ئىچكى مۇھىتىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭا نامازخانلارنىڭ ماددىي، روھىي ئىنكاسى ياخشى، كۆرۈش، ئاڭلاش قۇۋۋىتى نورمال، ئىشتىھا ۋە ئۇيقۇسى جايىدا بولۇپ كەلمەكتە.

بۇلاردىن باشقا بىر كۈندە ئوقۇلىدىغان 5 ۋاقىت نامازنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئەۋزەللىكى، ھەرىكەتنىڭ ئوتتۇرا ھال سەۋىيىلىك ئەۋزەللىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پەرز قىلىنغان مۇئەييەن ۋاقتى بىلەنمۇ ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە.

نامازنىڭ كۈندىلىك ۋاقىتلىرى ئىنسان بەدىنىدىكى كۈندىلىك بىئورىتىمنىڭ ئۆزگىرىشى، بەدەندىكى ھەر قايسى پەللىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىش دەۋرىگە ئۇدۇل كېلىدۇ.

ناماز بامدات سەھەرگە ئورۇنلاشقان. تاڭ سەھەردىكى مۇئەززىنىنىڭ ياڭراق جاكاسىدىكى "ناماز ئۇيقۇدىن ئەۋزەل" دېگەن چاقىرىقىنىڭ ئىلھامى بىلەن نامازخان دەرھال ئويغىنىپ، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇيدۇ. نامازخان شۇ كۈنىنىڭ تۇنجى سائىتىدە "ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكەن ئادەم" بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئۆز نامىزىدا قەلبىدىكى سىغىنىش، ئۇلۇغلاش ئىستەكلىرىنى ئاللاھقا دېيىش ئارقىلىق، شۇ كۈندىكى پائالىيەتلىرىنى ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە باشلايدۇ.

ئۇيقۇ ئىنسانى ھەرىكەت ۋە ئىدراكتىن توختىتىدۇ. ئۇ، بەدەندىكى نورمال فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنى قامداش ۋە ئېنېرگىيىنى تولۇقلاشنىڭ مۇھىم مەنبەسى ۋە مۇھىم شەرتى بولۇپ، چوڭ مېڭە پوستلاق ھۇجەيلىرىنىڭ زىيادە كۆپ سەرپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ ھەر قايسى ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇخلاش جانلىقلار قۇرۇلمىسىدىكى بىر خىل سىر ـ ھېكمەت بولۇپ، روھ ئېغىرلاشقان، نېرۋا چارچىغان، كۆڭۈل بىئارام بولغان، دىل قورقۇنچقا چۈشكەندە، ھارغىنلىق ۋە چارچاشنى كەتكۈزىدىغان مۇھىم فىزىئولوگىيىلىك جەريان.

روھنى ئۇرغۇتۇش، ھەرىكەت ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بىر كۈنلۈك نورمال ھاياتلىق ۋە خىزمەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا، تۇنجى ناماز — ناماز بامداتنىڭ خاسىيىتى كۆپ. مۇھىت ئىلمىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، تاڭ سۈزۈلۈشتىن تاكى كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھاۋادىن نەپەسلىنىشنىڭ ئىنساننىڭ سالامەتلىكىگە بېرىدىغان ئاكتىپ تەسىرى كۆپ. ئۇ، ئىنساننىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، نەپەسلىنىش ۋە قان ئايلىنىشنى ياخشىلاشتا، زىيانلىق مىكروبلارنى ئورگانىزمدىن چىقىرىۋېتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پېشىن نامىزى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ھەزىم قىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، تاماق يېگەندىن كېيىن بەدەندىكى قان ئايلىنىش ئاساسەن ھەزىم قىلىش ئورگانلىرىغا مەركەزلىشىپ، مېڭە تەرەپتە ئۇيقۇ سېزىمى ھاسىل بولىدۇ. بىراق تاماقتىن كېيىن ئۇخلاش سالامەتلىككە زىيانلىق. تاماق يېگەندىن كېيىن ئۇخلىغاندا قان ئايلىنىش ئاستىلىشىپ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى، بولۇپمۇ ئاشقازاننىڭ پائالىيىتى ئاجىزلاپ، تاماق ياخشى ھەزىم بولماي، ئاشقازاندا ئۇزاق تۇرۇپ قىلىپ، نەتىجىدە قان تەركىبىدە ماي، قەنت ئېشىپ كېتىپ، سەمىرىشتىن پەيدا بولىدىغان ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇش، يېشى چوڭ كىشىلەردە مېڭە قان نوكچىسى پەيدا بولۇپ، سەكتە پەيدا بولۇشىنىڭ خەۋپى چوڭ بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇنداق ئۇيقۇ تەقەززاسىغا پىسەنت قىلماي، پېشىن نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇپ، ئاندىن باشقا پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق.

ئەسىر نامىزى بىر كۈنلۈك پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا ئوقۇلىدۇ. مۇنداق چاغدا كىشى تاھارەت ئېلىپ، يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ ئالسا، ئۆزىنى روھلۇق ۋە تېتىك ھېس قىلىدۇ.

شام نامىزى كۈن ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك ھايات ۋە خىزمەت پائالىيىتىنىڭ خەيرلىك ئاخىرلاشقانلىقىغا قارىتا تەشەككۇر ئېيتىلىدۇ، روھىي خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ.

خۇپتەن نامىزى ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدۇ. خۇپتەن نامىزى بىر كۈنلۈك ئىبادەتنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، تاھارەت ئېلىپ جىسمانىي جەھەتتىن روھلانسا، ناماز

ئوقۇپ روھى جەھەتتىن خاتىرجەملىككە مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ”خۇيپەتەندىن ئىلگىرى ئۇخلاشنى، خۇيپەتەندىن كېيىن گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان“ ئېسىل ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ. ناماز بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئادا قىلىنىدىغان پەرز بولغاچقا، ئۇنىڭ دائىملىق تەكرارلىنىشى نامازخانلاردا تەرتىپ-ئىنتىزام ۋە ۋاقىت كۆزقارىشىنى يېتىلدۈرگەن. نەتىجىدە ئۇلاردا ۋاقىتنى قەدىرلەش، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش، تۇرمۇش ۋە خىزمەتنى ۋاقىت تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتەك ئاڭ يېتىلگەن. بۇنداق ۋاقىت ئۇقۇمى تەبىئەتتىكى قۇياشنىڭ ھەرىكىتى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىدىكى ئاسترونومىيىلىك سائەتكە، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ياشاش جەريانىدا تەكرارلانغان پائالىيەتلىرىگە ماسلاشقان سىېزىمدىن ئىبارەت ”بىئولوگىيىلىك سائەت“ نىڭ ئايلىنىشىنىڭ توغرا تاناسىپلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كۈندۈزدىكى تەرتىپلىك تۇرمۇش، ئىبادەت ۋە باشقا پائالىيەتلەر، كېچىلىك نورمال ئۇيقۇ ئىنسان تەبىئىتىگە ناھايىتى ماس بولۇپ، ئۇ، ئىنساننىڭ ساغلاملىقى ۋە سالامەتلىكىگە پايدىلىق. بۇ مۇسۇلمانلاردىكى ياشاش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى.

ناماز يالغۇز ئىنساننى جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام قىلىپ قالماي، ئىبادەت مەزمۇنىدىكى بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنساندىكى نورمال پسىخىك ساغلاملىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. جىسمانىي ساغلاملىق بىلەن روھى ساغلاملىق ئوتتۇرىسىدا تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ناماز روھىي، يەنى پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسى بولۇپ، بۇ قاراش ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە 1400 يىلنىڭ ئالدىدىلا تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ياۋروپادا مۇندىن 2 ~ 3 يۈز يىل ئالدىدا، دىيارىمىزدا بولسا، ئۇنىڭدىن خېلىلا كېيىن ”پسىخىك ساغلاملىق“ ئۇقۇمى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىككە بولغان ئاكتىپ تەسىرى مۇھاكىمە قىلىنماقتا.

ئىنساننىڭ بەدىنى جىسمانىي جەھەتتىن ناھايىتى كۈچلۈك، بەرداشلىق قىلىپ يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىنىڭ روھىي دۇنياسى، يەنى پسىخىكىسى ئۇنداق ئەمەس. كىشى ھەر خىل ياش باسقۇچلىرىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇھىتى، تەربىيىلىنىش، ئىجتىمائىي ھايات جەريانىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆلۈم- يېتىم بەخت- سائادەت ۋە ھەسرەت- پۇشايمان، پايدا-زىيان، رىقابەت- كرىزىس، مۇھەببەت- نەپرەت...قاتارلىق تۇيغۇغا ئىگە ۋە شۇنداق شەكىلدىكى بېسىمغا ئۇچرايدۇ. مۇنداق پسىخىكا بېسىمغا ئۇچرىغاندا، كىشىنىڭ يۈرىكى، قان تومۇرلىرى ۋە باشقا ئەزالىرىدا كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. شۇڭا روھىي بېسىمدىن قۇتۇلۇش، ھەر خىل پسىخىكا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشتا ”ناماز“نىڭ رولى چوڭ. ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **”بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ“**{سۈرە «رەئدە»(13-سۈرە) 28-ئايەت}. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇپ: **”ئى بىلال، بىزنى ناماز بىلەن ئارام ئالدۇرغىن“** دېگەن(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن قارىغاندا، ھازىرقى دۇنيادىكى كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رىقابەت، خىزمەت ۋە تۇرمۇش رىتىمىدىكى جىددىيلىك ئىچىدە ”ناماز“دىكى ئېتىقاد كۈچى بىلەن مەركەزلەشكەن كۈچلۈك دىققەت ئىنساننى ھاياتى دۇنيادىكى ۋاقىتلىق دۇنيا ئىشلىرىدىكى رىقابەت، كرىزىس، ھەر خىل زىددىيەتلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەپ، روھىي خاتىرجەملىككە مۇيەسسەر قىلىدۇ. مۇنداق روھىي خاتىرجەملىك ھەمدە ئۆز-ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش — ھازىرقى زاماندا ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان ”پسىخىكا تەڭپۇڭلۇقى“ يەنى ”ئۇنىۋېرسال مۇۋازىنەت“ دەپ ئاتالغان پسىخىكا ساغلاملىقنىڭ دەل ئۆزى. روھىي ساغلاملىق دېگەندە، ئىنساندىكى سېزىم، ئاڭ-تەپەككۇر، زېھىن، خاتىرە، ئەقلىي ئىقتىدار، كەيپىيات ... قاتارلىقلاردا توسالغۇ بولماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

نامازدىن ئىبارەت ھەم روھىي ھەم جىسمانىي ئىبادەتنىڭ ئۇلۇغ شەرىپى بىلەن مۇسۇلمانلار، نامازخانلار دۇنيادا ئىمان مىزانى، قەلب پاكلىقى، روھىي خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە مۇيەسسەر بولۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق ھالدا سالامەت ۋە ساغلام ياشاپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقىدا

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش، ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش، پەرزەنت بولغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ، شۇنداقلا ئادەم بولۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي ئەخلاق-پەزىلەت. ئىنساننىڭ دۇنيادا ئەڭ دەسلەپ ئورناتقان كىشىلىك مۇناسىۋىتى ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتۇر. كىشىلەر ئىچىدە سىزگە ئەڭ ياخشىلىق قىلىدىغىنى، ئىشىڭىزغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، بەخت-سائادەتلىك بولۇشىڭىزغا ئەڭ ھېرىس بولىدىغىنى ئاتا-ئانىڭىزدۇر، ئۇلار سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ سەۋەبى، ھېچ نەرسىگە كۈچىڭىز يەتمەيدىغان ئاجىز ۋاقتىڭىزدا سىزنى ئاسرىدى، تەربىيىلىدى. خۇشاللىقىڭىز، راھىتىڭىزنى دەپ كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. شۇڭا ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ۋاپا يەتكۈزەلمىگەن ئادەمنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى، ئۇستازلىرى، خىزمەتداشلىرى، شۇنداقلا كوللېكتىپ ۋە دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانا دەرەخنىڭ يىلتىزىغا، پەرزەنت دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايدۇ، شاخ يىلتىزنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، شاخنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ. بۈيۈك ئىسلام دىنىمىز ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى ۋە ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەت قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپە دەپ قاراپ، ئاتا-ئانىلىرىغا ۋاپادارلىق قىلغۇچىلارغا دۇنيادا بەختلىك ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەن بولىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگەن.

ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىق قىلىشىغا ۋە ياخشى مۇئامىلىسىگە كىمنىڭ ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى سوراپ كەلگىنىدە، ئاتا-ئانىنىڭ بولۇپمۇ ئانىنىڭ ھەققىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مۇبارەك ھەدىسى بىلەن جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: 'ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ لايىق ئادىمىم كىم؟' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: 'ئاناڭ' دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: 'ئاناڭ' دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم: 'ئاندىن قالسىچۇ؟' دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: 'ئاناڭ' دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئادەم ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: 'ئاندىن قالسا ئاتاڭ' دېدى" (بۇخارى رىۋايىتى).

شۈبھىسىزكى، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈچ قېتىم، دادىغا ياخشىلىق قىلىشقا بىر قېتىم تەۋسىيە قىلدى. چۈنكى ئانا ئۆزى يالغۇزلا ھامىلدارلىق، تۇغۇش، ئېمىتىش، سۈتتىن ئايرىش قاتارلىق كۆپ جاپالارنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت بالىنى تەربىيىلەشتە ۋە ئۇنى ئاسراشتا دادا بىلەن تەڭ ھەتتا دادىدىنمۇ كۆپرەك كۈچ چىقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۈيۈك كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "**بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە ئۇ: 'پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن(يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا(جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن' دەيدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ،**

www.uyghurkitap.com

**يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋىم قىلىمىز، ئۇلار(ئاللاھ يامان ئىشلىرىنى كەچۈرگەنلەر بىلەن) جەننەتتە بولىدۇ، (بۇ) ئۇلارغا قىلىنغان راست ۋەدىدۇر‘‘**{سۈرە«ئەھقاف»(46-سۈرە)، 15-، 16-ئايەتلەر}. ھەدىستە دادىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى. چۈنكى دادا بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشتە، ئۇنى بەخت-سائادەتلىك قىلىشتا كۈچىنى ئايىمايدۇ. ئۇ بالىغا ئوزۇقلۇق راستلاش، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. شۇڭا بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار بولۇشى، كىچىكلىكى ۋە ئاجىزلىقىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەجىر-مېھنىتىنى ئەسلەپ ئۇلارغا قارىتا مۇئامىلىسىنى ياخشى قىلىشى، ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا ئالدىراپ، ئاتا-ئانىسىنى نارازى قىلىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغان رەۋىشتە ئۇلارغا كۆيۈمچان بولۇشى، ئاتا-ئانىنىڭ ئىشلىرىغا، خۇسۇسەن ئۇلار چوڭ بولۇپ، ياشىنىپ ئاجىزلىغان مەزگىلدە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى باش تارتىشقا بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ھەقىقىي مۆمىن كىشى ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزىدىكى ھەققىگە، ئۇلارغا بويسۇنۇش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا خەير-ئېھسان قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ ئاتا-ئانىنىڭ يۈزى ياكى ئۇلار بالا ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ئىشلارنىڭ ياندۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولماستىن بەلكى ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بالىنى ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ بالىغا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشنى ھەتتا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى بىلەن بىللە كەلتۈرگەن. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ بۈيۈك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: **’’پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالالىلىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ’ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن‘ دېگىن‘‘**{سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە)، 23-، 24-ئايەتلەر}. مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ تەۋسىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى تونىسا ئەلۋەتتە ئۇ ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ.

1. گۇناھ-مەئسىيەتلىك ئىش بولمىسىلا، ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا بويسۇنىدۇ، توسقانلىرىدىن يانىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بۈيۈك «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ. **’’ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن(يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن‘‘**{سۈرە«لوقمان»(31-سۈرە)، 15-ئايەت}.

2. ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ، چوڭ بىلىدۇ، ئۇلارغا كەمتەر بولىدۇ. گەپ-سۆزدە ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭمايدۇ، خوتۇن ياكى بالىسىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن بىلمەيدۇ، ئۇلارنى ئىسمى بىلەن چاقىرمايدۇ، بەلكى ئانا، ئاتا (ياكى ئاپا، دادا) دەپ چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقىسىز سەپەرگە چىقمايدۇ. ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ’’بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ جىھادقا چىقىشقا رۇخسەت سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **’’ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟‘‘** دېگەن. ئۇ: ’’ھەئە‘‘ دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **’’شۇ ئىككىسى توغرىلىق جىھاد قىلغىن‘‘** دېگەن(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

3. قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدۇ. تاماق بېرىش، كىيىم كىيگۈزۈش، كېسىلىنى داۋالىتىش، زىياندىن ساقلاش، ئۆزىنى پىدا قىلىشلارغا ئوخشاش ياخشىلىق ۋە خەير-ئېھساندىن چامىسىنىڭ يېتىشىچە قىلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **’’(ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ماللىرىنى) قانداق سەرپ قىلىسا بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى: ’مال-مۈلكىڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئۇنى ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبن سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ‘ ‘‘** {سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 215-ئايەت}.

4. ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارغا سىلە-رەھىم قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەيدۇ، ۋەدىلىرىنى ئورۇندايدۇ، دوستلىرىنى

ھۆرمەتلەيدۇ. ئەبۇ سەيد سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم كېلىپ: "يا رەسۇلۇللاھ، ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا مەن قىلغۇدەك ياخشىلىق قالدىمۇ؟" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ھەئە، ئۇلار ھەققىدە ناماز ئوقۇش، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە سىلە-رەھىم قىلىشقا تېگىشلىكلەرگە سىلە-رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ئىش بار. مانا بۇ ئۇلاردىن كېيىن ساڭا قالغان سەن قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشلار"** (ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

5. ھەممە ئىشلىرىدا ئۇلارغا مەسلىھەت سالىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئاتا-ئانىسىنى رەنجىتمەيدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىز بولۇشتىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭمۇ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قوپال مۇئامىلە قىلغىنىدەك مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: **"سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەتتۇر"**(مۇسلىم رىۋايىتى). ئەمىر ئىبنى مۇررەتىل جۇھەنى ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: 'بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇسام، پەرز روزىنى تۇتسام، زاكاتنى ئادا قىلسام، ھەج قىلسام ماڭا قانداق ئەجىر بېرىلىدۇ؟' دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**مۇشۇنداق قىلغان كىشى ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتمىسىلا پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر، سالىھلار بىلەن بىللە بولىدۇ**' دېگەن (ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى).

6. ئۇلاردىن يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرمايدۇ. تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا پۇتىنى سۇنمايدۇ. ھەر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى بولسىمۇ دادىغا مەنسۇپ بولۇشتىن نومۇس قىلمايدۇ. ئاتا-ئانىسىنى تونۇماس بولۇۋېلىشتىن ساقلىنىدۇ.

7. ئاتا-ئانىسىنى ھايات ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرغىنىدەك، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەققىدە سەدىقە قىلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: **"ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن، ھېساب ئالىدىغان كۈندە(يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن"**.

قىسقىسى، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى. ئاتاقلىق ئەدىب مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى ئېيتقانىدەك: "ئاتا-ئانىنىڭ ئەڭ ئاددىي ھەققى شۇدۇركى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەن دۇنياغا تۆرەلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇلۇغ بىل".

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلىرى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

---

(باش قىسمى 17-بەتتە)

**ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 195-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}؛ سۈرە «ئىنسان» (76-سۈرە)نىڭ 12—21-ئايەتلىرىدىمۇ جەننەت مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن.

بۇ ئايەتلەردە، جەننەتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئارامبەخش ئېتىدىغان، مەڭگۈلۈك باياشات ماكان ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان. جەننەتنىڭ مانا شۇنداق گۈزەل مەنزىرىسى ئىنسان ۋۇجۇدىدا، گۈزەل جەننەتكە ئىنتىلىش، قىزىقىش خاھىشى شەكىللەندۈرىدۇ. جەننەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئىنسان روھىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىققا چاقىرىدۇ. ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ گۈزەل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خۇنۇكلۇك، رەزىللىك ۋە چاكىنىلىقتىن توسىدۇ، ئىنسان روھىيەت گۈزەللىكىنى بېيىتىدۇ.

دېمەك، جەننەت تەسۋىرى، دوزاخ تەسۋىرىگە قارشى ھالدا ئىنسان روھىيىتىنى ساپلاشتۇرۇپ، گۈزەللىك ئالىمىگە ئىنتىلدۈرىدۇ. خۇنۇكلۇك ۋە رەزىللىكتىن سەسكەندۈرۈپ، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىققا يۈزلەندۈرىدۇ.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئاللاھ تابارەكە ۋەتائالا مۇقەددەس كالامى ئارقىلىق ئىنسانلارغا گۈزەللىك تەربىيىسى بېرىپ، مۆمىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

(ئاپتور: گوجۇڭ ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تىببىي ساھەدىكى مېۋىلىك باغۋەن — ئادالەت قاسىمى

**ئابدۇللا موللا**



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مېدىتسىنا ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، نۇرغۇن ساپالىق، ئىقتىدارلىق تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈۋاتقان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئۇستازلار بار. بۇ مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش ۋە داۋالاش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان، ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى فاكۇلتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى، مۇسۇلمان ئالىمەسى ئادالەت قاسىمى ئەنە شۇنداق مىۋىلىك باغۋەنلەرنىڭ بىرى.

ئادالەت قاسىمى 1946 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئائىلىدىكى قويۇق مەرىپەت، مەدەنىيەت مۇھىتى ئۇنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىمگە بولغان ئوتلۇق ئىشتىياق ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇ 1955 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىمگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگەندى. 1965 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە بېيجىڭدىكى سابىق مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى تولۇقلاش سىنىپىدا ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1968 - يىلىدىن 1972 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالدى ھەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1972 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كافېدراسىدا ئوقۇتقۇچى بولدى. كىشىلەرنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادالەت خانىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دوختۇرلۇق ساھەسىدە ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش مەقسىتى بىلەن ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىنى تاللاپ، 1973 - يىلىدىن باشلاپ شاڭخەي 2 - تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى ۋە 1977 - يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندى ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كەسپى جەھەتتە دوختۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، 1983 - يىلى كېسەلخانا دوختۇرى، 1987 - يىلى مەسئۇل ۋراچ، 1992 - يىلى مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ، 1999 - يىلى مۇدىر ۋراچ يەنى پروفېسسور بولدى. ئۇ مەمۇرىي جەھەتتىن 1994 - يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 1999 - يىلى مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 2004 - يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچكى بوشلۇقى كېسەللىكلىرى فاكۇلتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1986 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا ئۆسمە تەتقىقات مەركىزىدە ماگىستىرلىق، دوكتورلۇقتا ئوقۇدى ۋە 1991 - يىلىلا شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچكى

بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىنىڭ ماگىستىر يېتەكچىسى بولدى. ئۇ موسكۋادا رۇس تىلى ئاساسىنى تېخىمۇ پىششىقلاپ تىرىشىپ ئۆگەندى، تىببىي ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ تىببىي ئىلىم جەھەتتىكى مۇھىم نەتىجىلىرىنى ئىگىلىدى، ئۇندىن باشقا تىببىي ئىلىمگە ئائىت تۈرلۈك ژۇرنال ۋە كىتابلاردىن غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى، تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش، جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق 1992 ـ يىلى «ئۆسمىنى رادىئولوگىيىلىك داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، بۇ مەركەزدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى، ئۇ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا موسكۋادىكى ئۇستازلىرى، كەسپداش ـ ساۋاقداشلىرى ئۇنى موسكۋادا قېلىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئالمۇتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى داۋالاش دوختۇرخانىسى ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ ئاچقۇچىنى سۇندى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى ئۆزى داۋالاشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان سانسىز ئېغىر كېسەللەر كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ۋەتەن، خەلقى ئۈچۈن بىلىمىنى ئاتاش ئىستىكى ئۇنى ئۆزى سۆيگەن، سېغىنغان، تەلپۈنگەن ۋەتىنىگە، ئۇنى كۈتۈۋاتقان كېسەللەر ۋە ساددا، ئاقكۆڭۈل يۇرتداشلىرىنىڭ ئىللىق باغرىغا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1992 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. 2003 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى بولۇپ كەلمەكتە.

ئادالەت قاسىمى مەكتەپ ۋە مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ رەھبەرلىك، ئوقۇتۇش، داۋالاش ئىشلىرىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تۈركۈم ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، تەتقىقات قىممىتى ئۆزگىچە بولغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. دۆلەتنىڭ بىر تۈركۈم تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ «شۆلگەي بېزى ئۈستىدىكى تېرە ئۆسمىسى ھەققىدە 378 كېسەل ئۈستىدە ستاتىستىكىلىق تەھلىل»، «ئېغىز بوشلۇقىدىكى بېلىق قاسراقچىسىمان ھۈجەيرە راكى P53 »، «ئېغىز بوشلۇقىدىكى بېلىق قاسراقچىسىمان ھۈجەيرە راكى P53، c__erb__2 دە ئىپادىلەنگەن ئىممۇنىتېت گۇرۇپپىسىنىڭ مىقدارى ئۈستىدە تەھلىل»، «ئېستىرىن يەنى ئانىلىق ھورمۇن كەملىكتىن سۆڭەك شالاڭلىشىش بىلەن چىش ئەتراپى ياللۇغىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ھەيز توختىغاندىن كېيىنكى سۆڭەك شالاڭلىشىش بىلەن چىش ئەتراپى ياللۇغىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «بالىلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقى جەھەتتىكى ناچار ئادەتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشكە بولغان تەسىرى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ساھەسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇردى ھەمدە ياخشى باھالارغا ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا مۇشەررەپ بولدى.

ئادالەت قاسىمى بىر تەرەپتىن داۋالاش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ماگىستىر، دوكتورلارنى يېتىشتۈرۈشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، 1995 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە، ئۇ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىدە 13 ماگىستىر تەربىيىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەش نەپەر ئۇيغۇر، ئالتە نەپەر خەنزۇ، بىر نەپەر قازاق، بىر نەپەر شىبە بار. ئۇلار ھازىر ئامېرىكا، ياپونىيىلەردە، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئۇنىڭ تۇنجى ماگىستىر ئوقۇغۇچىسى ھازىر ئامېرىكىدا دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئادالەت خانىم 14 يىلدىن بۇيان پۈتۈن دىققىتىنى ئېغىز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا قارىتىپ، بۇ كەسپىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ كۆتۈردى. ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ بۆلۈمنى مۇكەممەل ئامبۇلاتورىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقتى: بۇ كەسپتە ماگىستىرلىق نوقتىسى تەسىس قىلدۇردى. 1997 ـ ۋە 1998 ـ يىللىرى بۇ كەسپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ غوللۇق دوختۇرلىرى بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ كەسپتە يەتتە ماگىستىر يېتەكچىسى بارلىققا كەلدى. ئادالەت خانىمنىڭ ئىككى دوكتور ئوقۇغۇچىسى بار، ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر، بىرى خەنزۇ.

ئادالەت قاسىمى ھازىر «چىش تىكىش تېخنىكىسىدا سۆڭەك توقۇلمىلىرىنىڭ تىكىلگەن چىش بىلەن بىرلىشىش تەجرىبىسى» (بۇ تەتقىقات تېمىسى 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باشلانغان، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاماملىنىدۇ)، «شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ چىش رەڭگى تەتقىقاتى» (بۇ تەتقىقات تېمىسى 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باشلانغان، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاماملىنىدۇ) قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. ئادالەت خانىم ھازىر شىنجاڭدىكى 13 مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، فىزىئولوگىيىلىك پەرقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر

www.uyghurkitap.com

نەچچە تەتقىقات تېمىسىنى ماگىستىر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئۇ يەنە ئۇزۇن يىللىق داۋالاش ۋە تەتقىقات جەريانىدا شىنجاڭدا ئۈچ ئەۋلاد ياشىغان خەنزۇلار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلارنىڭ جاغ سۆڭىكىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جاغ سۆڭىكىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى. هازىر ئادالەت خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ئۆلچىمى، يەنى ئۇيغۇرلارغا ماس كېلىدىغان رەڭ تەتقىقاتى، ئىلىكتىن سۆڭەك ئۆستۈرگىلى بولۇش ــ بولماسلىق تەتقىقاتى( هازىر خەلقئارادا سۆڭەكتىن يۇمشاق تالا ئىشلىگىلى بولىدۇ دېگەن قاراش تەتقىق قىلىنىپ ئىسپاتلاندى)نى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا ئادەمنىڭ جاغ سۆڭىكىنى ئۆستۈرۈش ئاساسلىق نىشان قىلىنغان (چۈنكى ئادەم بەدىنىدىكى باشقا سۆڭەكلەرنى ئۇلىغىلى بولغان بىلەن ، جاغ سۆڭىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇلاش ناهايىتى قىيىن). ئادالەت خانىم ئۇندىن باشقا شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسىلىگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتقىمۇ ئەهمىيەت بەردى. هازىر شىنجاڭدا ناهايىتى ئاز ساندىكى شەخسى چېش سېلىش ئورۇنلىرى ئەيدىز كېسىلىنى تارقىتىشتىكى ئاساسلىق ئورۇنلاردىن بىرى بولۇپ قالغاچقا، ئادالەت خانىم بۇ ھەقتىكى تەشۋىقات، تەتقىقات ۋە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئادالەت قاسىمى مۇسۇلمان ئالىمەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تىبابەتچىلىككە ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ بۇ هەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئىسلام دىنى ئادەمنىڭ هاياتى، سالامەتلىكى، ساغلاملىقىغا ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئادەم داۋالاشنىڭ ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى كۆپ تەكىتلىنىدۇ“. ئادالەت خانىم 2005 ـ يىلى جوڭگو شىنجاڭ هەج ئۆمىكىنىڭ مەسئۇل دوختۇرى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەهىرىگە بېرىپ، هاجىلارنىڭ سالامەتلىكىگە مەسئۇل بولدى هەمدە هەج پەرزىنى ئادا قىلدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى هەج پائالىيتى جەريانىدا، هەر قايسى دۆلەت هەج ئۆمەكلىرىنىڭ هاجىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سەئۇدى ئەرەبىستانىمۇ هاجىلارنى داۋالاش ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىدىكەن، هەتتا هۆكۈمەت هەج پائالىيىتىنىڭ هەر قايسى هالقىلىرىدا دوختۇرخانا تەسىس قىلىپ، ئاغرىپ قالغان هاجىلارنى هەر قايسى هەج نوقتىلىرىغا يۆتكەپ داۋالاپ، ئۇلارنىڭ هەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىكەن. پاكىستان، ھىندونېزىيە، تۈركىيە قاتارلىق مۇسۇلمانلار كۆپ دۆلەتلەر هەج مەزگىلىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مەخسۇس دوختۇرخانا ئېچىپ، قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنى سەپلەپ، هاجىلارنى داۋالاش ئىشلىرىغا ناهايىتى كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئادالەت خانىم بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندى.

ئادالەت قاسىمى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ۋە تۆھپىلىرىگە ئاساسەن شىنجاڭدىكى تىببىي ئىلىم ساهەسىدە ئۆزىگە يارىشا ئورۇن تىكلىدى، ئۇ هازىر سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى 5 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي هەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا رەهبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەهرىر هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنۋان باهالاش هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئىلمىي ئۇنۋان باهالاش تارماق هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ كلىنىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «جۇڭخۇا چىش كېسەللىكلىرى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەهرىر هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، «شاڭخەي ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەهرىر هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىهەتچىسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كلىنىكا ئىنستىتۇتى دوكتورئاشتى پەن تەتقىقات پونكىتى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

بىز ئاخىرىدا مىللىتىمىز ئارىسىدىن چىققان ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، مېۋىلىك باغۋەن، ئىقتىدارلىق دوختۇر، پەخىرلىك ئالىمە ئادالەت قاسىمىنىڭ تېخىمۇ سەمەرىلىك ئەمگەكلەرنى قىلىپ، خەلق ۋە ۋەتەنگە تېخىمۇ زور مەنپەئەت ۋە شان ــ شەرەپ كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاپتور: مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)

# خۇراپات، بىدئەت ئىللەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭ

ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئىناق، ئىجىل، تىنچ مۇقىم جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، يېڭى ئەسىردىكى ھەر بىر مۇسۇلمان پۇقرانىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىر قەدەر يۇقىرى بىلىم-قابىلىيەت(پەننىي ھەم دىنىي بىلىم) ، ھۈنەر-تېخنىكا ئىگىلەپ، مەدەنىيەت ساپا، ئىدىيىۋى ساپا، دىنىي ساپايىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دەۋرگە ماسلىشىپ، تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-ئىقتىدار، كۈچ-قۇۋۋەت، بىلىم قابىلىيەت، ھۈنەر-سەنئەت، ئېتىقادىمىز بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

ئىسلام دىنى ھەر قاچان، ھەر ماكاندا جەمئىيەتكە ماسلىشالايدىغان، تەرەققىياتقا ئەگىشەلەيدىغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، تەرەققىيپەرۋەر دىن. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە- ئەركانلىرى، دىنىي تەلىم- ئەدەپلىرى، دىنىي مەدەنىيەت پەلسەپىلىرى ساغلام، ئىلمىي بولۇپ، ھەر قايسى دەۋرلەردە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، پەن-مەدەنىيەتنىڭ راۋاجىغا ئىزچىل ماسلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىش، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە خۇلاسىلاشقا پايدىلىق رول ئوينىماقتا.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كالامى «قۇرئان كەرىم»دە: "**بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن(ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچ قانداق ئىلمىسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ**" {سۈرە«لوقمان» (31-سۈرە)، 20-ئايەت} دەپ ئېنىق كۆرسەتمە بەردى. ئاللاھ پۈتكۈل كائىناتنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن نېمەت قىلىپ بەردى. بىز ئاشكارا نېمەتلەردىن پايدىلىنىپ باياشات ياشىشىمىز، يوشۇرۇن سىرلارنى ئېچىپ ئىنسانىيەتكە، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىشىمىز لازىم. بۇ ئاللاھ تاپشۇرغان ئادىمىي مەجبۇرىيەت.

تارىختا مۇسۇلمان ئالىم-ئۆلىمالىرى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ پەن-مەرىپەت ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈپ چىقىشتا ئاجايىپ ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئىلىم-پەننىڭ يۈكسىلىپ يېڭى دەۋردە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىدە مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئۇل قويغان ئۆچمەس تۆھپىسى بار. ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەخرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان سەرخىل ئالىملارنىڭ ئۇلۇغى، ئالىيۇل ئەئلاسى، بايراقدارى بولغانلىقى يېمىرىلمەس تارىخىي پاكىت.

بۈگۈنكى ئىلىم-پەن دەۋرىدە، يۇقىرى پەن- تېخنىكا زېمىندىن ھالقىپ ئالەمگە، ماكرودىن ھالقىپ مىكروغا، ئېلېكتروندىن ھالقىپ ئاتومغا يۈزلىنىۋاتقان تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ئىسلام دىنى تونىغا پۈركىنىۋالغان ئاز ساندىكى قارا نىيەت، قارا قورساق چالا موللىلار پالچى، باخشى، سېھىرگەر، جادىگەرلىك يولى بىلەن نادان ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، بويامچىلىق، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق قىلىپ قاقتى-سوقتى قىلماقتا. خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ۋە قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى- تەرۇز قىلماقتا. خىرىستالدەك ساپ، سۈزۈك ئىسلام دىنىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئاللاھ ئۆزى بىزگە تاللاپ بەرگەن نىشانلىق دىنىمىزنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزمەكتە. مۇتتەقىي قارى، تەقۋادار ئالىم، ئىخلاسمەن موللىلىرىمىزنىڭ شەننىنى بۇلغىماقتا.

يۇرتىمىزدا بىر ئايال كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتىكەن،

www.uyghurkitap.com

تۇغقانلىرى كونا ئۇسۇلدا سەۋەب قىلايلى دېيىشىپ، ”موللا“، پېرىخونلارغا ئاپىرىپتۇ. ئۇلار كېسەلنى ناھايىتى سىرلىقلاشتۇرۇپ ”باشقىلار قەستلەپ قويۇپتۇ“ دەپ پەتىۋا توقۇپ قەسىدە ئوقۇپ، تۇگۇچلەرنى يېشىپ ھەقلىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. لېكىن كېسەل كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا تەكشۈرۈشچە، سىل كېسىلى ئىكەن، ۋاقتىدا داۋالاتمىغاچقا كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئاخىر ئىككى نارەسىدە بالىسىنى يېتىم بوتىلاق، بارلىق قېرىنداشلىرىنىڭ كۆزلىرىنى بۇلاق قىلىپ خۇراپاتلىقتىن ئىبارەت قاباھەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق پاجىئەلەردىن ئىبرەت ئالمىغان بەزى قېرىنداشلىرىمىز ساقىسىز بولۇپ قالسا، دوختۇرغا بارماي ھازىرمۇ كاھىن ئىزدەپ ئۇچۇقلىتىدۇ(جىن قوغلىتىدۇ).

يۇرتىمىزدىكى ئېغىر بوي بىر ئايال ئەتىگەندە ئىشقا كېتىپ كەچكىچە قايتىپ كەلمىگەن كۈيۈسىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرسا ئۆيگە پەرىجە چاپان كىيىپ، قولىدا قۇرئان كۆتۈرۈۋالغان ”موللا“ سۈپەت بىر ناتونۇش ئەر كىرىپتۇ. پاتىھەدىن كېيىن، چاشقان مارىغان مۈشۈكتەك ماراپ قاراپ ئولتۇرغان بۇ كىشىدىن ئۇ ئايال ئەندىكىپ: ”بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟“ دەپ سوراپتىكەن، ”ئىشىممۇ يوق، ئۆزەمچە ئايلىنىپ، ئورۇق- ئاجىز، بىمارلارغا سەۋەب قىلىپ خۇدا خالىس ئىش قىلىپ يۈرۈپتىمەن. قارىسام سىزلەرنىڭ ئۆيگە يېقىندا ئېغىر بالايى قازا زاھىر بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۆزىڭىز ئاجىزە ئىكەنسىز، سىزگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. سەۋەب قىلىپ قويايمۇ؟“ دەپتۇ. بۇ ئايال ئەندىكىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ماقۇل دەپتۇ. ”موللا“ يانچۇقىدىن بىر تەسۋىنى چىقىرىپ پىچىرلاپ قويۇپ ”سۇف“ دەپلا يەرگە تاشلاپ قويۇپ: ”سىڭلىم، بالا-قازا ئېغىر بولغاچقا پالمۇ ئېغىر چۈشتى. ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئۆيىڭىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى سەدىقات قىلمىسىڭىز بۇ قازادىن قۇتۇلالمايسىز“ دەپ ھىيلە-مىكىر تورىنى كەڭ يېيىپتۇ. تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان، خەۋپ-خەتەر تامدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجىزە ئايال تاپقان-تەرگىنىنى يىگىزۈپ، بورداۋاتقان، بوشانغاندا شورپىلىق ئۇچۇن بېقىۋاتقان يوغان ئەركەك قويىنى يېتىلىتىپ قويۇپتۇ. ”موللىغا بەرسەڭ موك سوقىدۇ، پالچىغا بەرسەڭ پوك سوقىدۇ“ دېگەن شۇ ئوخشايدۇ.

يۇرتىمىزدا بىر كېسەلچان بولۇپ، دائىم داۋالىنىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى قوشنىسى كىرىپ: ”ناھىيىدە بىر ئەما قارىي بار ئىكەن. ھەر قانداق ساقايمىغان كېسەللەرگە سەۋەب قىلسا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىكەن“ دېيىشكەن، بۇ ئايالنىڭ كۈيۈسى ئۇ قارىينى ئېيىپ ئەكەپتۇ. بىر سويۇپ كۈتۈپتۇ. بىر كېچە ئوقۇپ ”سەۋەب“ قىلىپتۇ. ئەتىسى: ”ئايالىڭغا ئاپاك قەست قىپتىكەن، قەسىدە ئوقۇپ تۇگۇننى يېشىپ، زىيانىنى توسىۋەتتىم، چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ“ دەپ خاسىيەتلىك ”دۇئا“ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئىككى قوي سوغا قىلىپتىكەن، ”ئوقۇشنىڭ قەدرىنى قىلىپ يەنە 400 سوم قوشۇپ قوي“ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قارىينى رازى قىلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئايالنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ ئاران ساقايتىپتۇ. ئۈچ قوي، 400 كوي پۇل قارىيغا كەتكەنلىكى سىرتىدا بۇ قارىي مېھرى ئىسسىق، خۇيى ئىللىق ئانا-بالا ئوتتۇرىسىغا نىزا ئۇرۇقىنى چېچىپ كېتىپتۇ.

مەھەللىمىزدە بىر بۇرادەرنىڭ ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەندى. دەپنىدىن يېنىپ كۆپ ئىزدىنىشىدىغان قارىي ئاغىنىسىغا ئۆيدە قۇرئان تامام قىلىپ بەرگىن دەپ تەكلىپ قىلسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلسام 300 سوم بېرىسەن دەپ باھا قويۇپتۇ.

يۇرتىمىزدا بىر رەمچى ئايال بار ئىدى، بىرى مېنىڭدىن ئۇ رەمچىنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ئۆيىگە بارسام پال ئاچقۇزىدىغانلار بەك كۆپكەن. قانداق قىلاركىن دەپ قاراپ تۇرسام، بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، تەسۋىگە سۈپكۈشلەپ بىمارنى ئۇرۇپ-ئۇرۇپ قويۇپ: ”پالدا بىرچاھارپاي كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بىر مال ئەكەلمىسەڭ كېسەل كۆچمەيدۇ“ دېدى. كېسەلنىڭ ھەمراسى بىر ئوغلاق تېپىپ كېلىۋىدى، ئوغلاقنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ بىمارغا بىر نەچچە رەت تەگكۈزۈپ قويۇپ، ئوغلاقنى ئەچىقىپ ئېغىلغا قويۇۋەتتى. قارىسام ئېغىلدا 20 دەك پاقلان، ئوغلاق بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقىدەك ئاسانلا، ئەجىرسىز تاپقانلىقى ئېنىق. شۇ تەسۋىمۇ شىپا بولارمۇ؟

بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئائىلىسىگە بىرەر قازا يەتسە بۇۋى موللىلارنى چاقىرىپ خەتمە ئوقۇتۇپ، ئامانلىق ئۇچۇن تىلەك ئۆتكۈزىدۇ. بۇۋىلەر خەتمە تاشنى بىر دەمدە ساناپ بولۇپ: ”خەتمىگە 300 سوم ياكى 500 سوم چۈشتى، بۇنى بەرمىسەڭ تىلەك ئىجابەت بولمايدۇ“ دەپ ئۇيالماستىن ھەق ئالىدىكەن. ”ھۆپۈپ كامادا، موللا تامادا“ دېگەن سۆز مۇشۇنداق ”موللا“ لارغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

ئەجەل يېتىپ بىرەر قېرىندىشىمىز ۋاپات قىلسا، جىنازىغا خۇدا خالىس قاتنىشىپ، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنى

تىلەپ دۇئا قىلايلى دېگەن نىيەت بىلەن بارماستىن، زەللە ئېلىش، قۇرئان ئوقۇپ خەتمە ئۆتكۈزۈپ پۇل تېپىش نىيىتىدە چېپىپ يۈرىدىغانلار ئاز ئەمەس. بۇنداق تاماگەرلەر بايلارنىڭكىگە چوۋىندەك ئولىشىۋالىدۇ، نامراتلاردىن جىندەك قاچىدۇ.

بىزدە بەزى ئىللەتلەر ئۇزۇن داۋاملىشىپ، ئومۇملاشقان ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا شەرىئەتتىن كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئاياللار بوشانسا ئىسرىق سالىدۇ. بالىلىرى ئاغرىسا ئوت بىلەن ئۇچۇقدايدۇ. يېڭى كېلىن ئەكەلسە ئوتتىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق جىن قوغلايدۇ. ئوت بارلىق بالايى قازا، جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلايدۇ دەپ قارايدۇ. ئوتتىن پاناھلىق ئىزدەش ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ئىسلامدا يوق. بىزنىڭ باشپاناھىمىز پەقەت بىر ئاللاھ، ئاللاھ مۇتلەق بىر، ھېچقانداق شېرىكى يوق.

بەزىلەر بوۋاقلىرىنى بالا-قازادىن ساقلايدۇ دەپ بۆرە ئوشۇقى، يىلان بېشى قاتارلىق نەرسىلەرنى بوۋاقنىڭ مەيدىسىگە ئېسىپ قويىدۇ. بوۋاقلىرى ساقسىز بولۇپ قالسا دوختۇرلارغا داۋالاتماستىن ئۆيدىن پۈرۈچ يىغىپ، يەتتە يېرىدىن كېسىپ، " بالىغا تىل تېگىپتۇ، تىل كېسىمىز" دەيدۇ. بالىلىرى قۇسۇپ ئىچى سۈرسە "ئاچ كىرىپتۇ" دەپ، بىر چىنىغا نان ياكى كېپەك سېلىپ، لاتا بىلەن چىگىپ، بالىنىڭ بېشىدىن ئايلىغىچە دوملاپ چىقىپ ئاچلايدۇ.

بەزىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى پۈتۈپ تۇمار قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالىدۇ. بەزىلەر قۇرئان بار ئۆيگە جىن كىرمەيدۇ، بالا-قازادىن قوغدايدۇ دەپ قاراپ، قۇرئاننى چىرايلىق جىلتىغا سېلىپ، ئېگىز ئېسىپ قويىدۇيۇ، قۇرئاننى بىرەر قېتىم ئوقۇپ، پىكىر قىلىپ، چۈشەنگەندىن كېيىن ئەمەل قىلىشنى بىلمەيدۇ. نەرسىلەردىن پاناھلىق تىلەش، تۇمار ئېسىشنى پەيغەمبىرىمىز قەتئىي چەكلىگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى (پايدا ئېلىپ كېلىدۇ ياكى زىيان-زەخمەتنى دەفئى قىلىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن تۇمارغا ئوخشاش) بىرەر نەرسە ئېسىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھتىن شۇ نەرسىگە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ**" (تىرمىزى رىۋايىتى) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەقتۇر.

بەزى "موللا" تونىنى كىيگەنلەر ئەپسۇن ئوقۇپ، ئىسسىتقۇ-سوۋۇتقۇ قىلىپ، بىرلىرىنى بىرىگە ئامراق، بىرلىرىنى بىرىگە ئۆچمەن قىلىپ، ئىناق-ئىجىل ئائىلىلەرنى بۇزۇپ، بەزى دوستلار، قېرىنداشلار ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىدۇ. ئولتۇرۇپ قالغان قىزلارغا ئەر، قىز چىقمىغان ئوغۇللارغا جۈپ تېپىپ بەرمەكچى بولىدۇ.

يەنە بەزى يارىماس ئىللەتلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن: بەزىلەر، چاي شامىسى تىك تۇرسا مېھمان كېلىدۇ؛ ئوڭ قاپىقى تارتسا قازا كېلىدۇ؛ ئالقان قىچىشسا پۇل كېلىدۇ؛ ئەخلەت بىلەن كۈلنى بىر تۆكسە كۈلكە بىلەن يىغا قوش كېلىدۇ؛ قاغا قاقىلدىسا ئۆلۈم خەۋىرى، سېغىزخان شاراقلىسا بالا-قازا كېلىدۇ؛ ئىت ھۇۋلىسا ئۆلۈم تىلەيدۇ، دەپ شۇملىنىدۇ. "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسىدىن شۇم پال ئالمايتتى**"(تىرمىزى رىۋايىتى). ئۇ مۇنداق دېگەن: "**قۇشلار بىلەن شۇم پال ئېلىش، باشقا نەرسىلەر بىلەن شۇم پال ئېلىش، ئۇششاق تاشلار بىلەن پال سېلىش بۇتپەرەسلىكتۇر**"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

بەزى قېرىنداشلار يىراق-يىراق جايلاردىن كېلىپ تاۋاپ قىلىدۇ، مال بوغۇزلاپ نەزىر بېرىدۇ، ئۆلۈپ ياتقان مۇردىدىن مەدەت تىلەيدۇ، كېسىلىگە شىپالىق، ئۆيىگە ئامانلىق تىلەيدۇ ياكى يامغۇر تىلەيدۇ. بەزى كاسىپلار پىرلاردىن ياردەم، مەدەت تىلەپ نەزىر بېرىپ رىسالە ئوقۇتىدۇ. بەزىلەر مېيت ياتقان ئۆيگە 40 كۈنگىچە چىراغ ياقىدۇ. ئۆلگەن تۇغقانلىرىنى چۈشەپ قالسا، ئوچاققا ياغ تېمىتىپ يىك پۈرىتىدۇ. ياتلارنى چۈشەپ قالسا سۇ چېچىپ بوسۇغىنى يۇيۇپ ئەرۋاھلارنى قوغلايدۇ. سەپەر ئايدا سەپەرگە چىقمايدۇ. سەيشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كىيمەيدۇ، ھەپتىنىڭ، ئاينىڭ تاق كۈنلىرى نىكاھ ئوقۇتمايدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت ئەمەل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچبىر ئىلمىي ئاساسى، شەرئى ھۆكمى يوق، ئىسلام دىنىدا يوق گەپلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلسا ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ**"(بۇخارى رىۋايىتى) دەپ ئېيتقان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېنىق قىلىپ: "**ئىشلارنىڭ يامىنى دىنىدا ئەسلى يوق بولۇپ كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھتۇر**" دېگەندى.

يۇقىرىدا ئەمەلىي مىساللار كۆپ سۆزلەندى. ئەمدى بۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غوللۇق مەنبىئى بولغان ئاللاھنىڭ كالامى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس شەرىفلىرى بىلەن ئۆلچەپ ھەقمۇ، باتىلمۇ، ئىبادەتمۇ، تىجارەتمۇ، شەرىئەتمۇ، بىدئەتمۇ ئايرىپ چىقايلى.

مۇقەددەس، بۈيۈك دەستۇرىمىز قۇرئاندا ئاللاھ تائالا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن: "**بۇ (قۇرئان) (ئومۇمىي) ئىنسانلارغا باياندۇر(يەنى ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق**

**بايان قىلىدۇ)، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر**“ {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 138-ئايەت}. قۇرئان يول نىشانىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى كومپاس، ھەق بىلەن باتىلنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىغۇچى مىزان، گۇمراھلىق زىمىستانىدىن ئىماننىڭ گۈلىستانىغا باشلايدىغان يېتەكچى. ئاللاھ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: ”**مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 41-ئايەت} دېگەن تۇرسا، قۇرئاننى پۇل تېپىشنىڭ قورالى قىلىۋالساق، قۇرئان ئوقۇپ باھا قويۇپ ھەق ئالساق، قويغان پۇلنى كۆرۈپ دۇئا قىلساق، تۇمار پۈتۈپ ساتساق، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان كاتتا ئىبادەتنى تىجارەتكە ئۆزگەرتسەك، قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچى ھېسابلانماسمۇ؟ شۇلارنىڭ تولماس يانچۇقى، تويماس نەپسى، پاسىق نىيىتىدىن ئاللاھ غەزەبلەنمەسمۇ؟

”**ئۇلار سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى... شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 102-ئايەت}. ئاللاھ ئېنىق ئېيتتىغۇ، سېھىرگەرلەر، جادۇگەرلەر، شەيتانغا ئەگەشكەنلەر شەيتاندىن سېھىر ئۆگەنگىنى، ئەل-جامائەتكە قەست-زىيان سالغىنى ئۈچۈن كاپىرلاردۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ دوزاخنى جىنلار، شەيتانلار، شەيتانغا ئەگەشكەنلەر بىلەن تولدۇرىدۇ. بۇ شەك-شۈبھىسىز. ئاللاھ تائالا بىزگە: ”**ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال- پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر. شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغاندىن(ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 168-، 169-ئايەت} دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئەمەسمىدى؟ شەيتاننى دوست بىلىپ، گۇناھنى كەسىپ قىلىپ، ھالال-ھارام دەپ ئايرىماي پۇل تېپىش كويىغا كىرسىڭىز دوزاخقىمۇ ئۈتتۈرلا كىرگۈدەكسىز. ئاللاھ تائالا: ”**سىلەرگە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن(توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى) ئاللاھ غالىپتۇر**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە) 209-ئايەت} دەپ ئەسكەرتكەن ئەمەسمۇ؟!

قۇرئان بىزنى نۇرلۇق ھىدايەت يولىغا باشلايدىغان يېتەكچىمىز. قۇرئاندا: ”**سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر**“ {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 107-ئايەت} دەپ تۇرسا، تەربىيەتچىمىز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي، نىجاتكارىمىز ئاللاھنى دوست تۇتماي، ھەممىگە قادىر، قۇدرىتى تەڭداشسىز ئاللاھتىن تىلىمەي پاسىق پەندىلەر، يارىماس پىر-ئەۋلىيا، ئۆلۈك مۇردىلاردىن تىلەپ يۈرسەك مۇشرىك بولمايمىزمۇ؟ ”**كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كۇففارلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ**“ {سۈرە«مۆئمىنۇن»(23-سۈرە)، 117-ئايەت}. ”**ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام(دىنى)دۇر**“ {سۈرە«ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 19-ئايەت}. «مائىدە» سۈرىسى (5-سۈرە) 90-ئايەتتە ئاللاھ تائالا: ”**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار( يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار**“ دەپ نەسىھەت قىلغان. ئاللاھ ”**شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار**“ دەپ يول كۆرسىتىپ تۇرسا پالچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالساق پاسكىنىلىققا پېتىپ، ئىماندىن ئېزىپ بەتبەخت بولمايمىزمۇ؟ ھاراق ئىچكەن، قىمار ئوينىغان، پال سالغانلارنى بۇتپەرەس بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان تۇرسا، ئاللاھتىن قورقماي قىيامەتتىن، ھېساب بېرىشتىن قورقماي، كۆپىرلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى غەيبنى بىلگۈچى ئەۋلىيا كۆرسىتىپ، ئۇنداق بوپتىكەن، بۇنداق بولىدىكەن دېيىشتىن نومۇس قىلمايمىزمۇ؟ غەيبنى بىلىمەن دېيىش دىندىن ئازغانلىق، پۈتۈنلەي كۇپىرلىق. «ئەئراف»(7-سۈرە)سۈرىسىنىڭ 188-ئايىتىدە ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا مۇنداق دېگەن: ”(**ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى: ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن، ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ... ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى-يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان**

**قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن»** ئاللاھنىڭ ئەلچىسى غەيبنى بىلمىگەن يەردە قارا قورساق پاسىقلار غەيبنى بىلىمىز دېسە پەيغەمبىرىمىزدىن ئۈستۈن بولۇپ كەتمىدىمۇ؟ بۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكقۇ. ئاخىر؟! **«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ»** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 48-ئايەت}.

تۆۋەندە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقايلى. «بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھتىن كاھىنلىق توغرىسىدا سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: 'ئۇلار ھېچنەرسە بىلمەيدۇ' دېدى. ئۇلار: 'ئى رەسۇلۇللاھ، بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر ئىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ توغرا چىقىپ قالىدۇ' دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: '**ھەقتىن بولغان ئاشۇ سۆزنى جىن ئوغرىلاپ ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمىنىڭ قۇلىقىغا تاشلايدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭغا يالغاننى قوشۇپ سۆزلەيدۇ**' دېدى» (ئائىشە رىۋايىتى). رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «**كىمكى بىر پالچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئۈستىدە سوراپ (ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنسە)، ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ**» (مۇسلىم رىۋايىتى). رەسۇلۇللاھ قەتئىي ھالدا: «**ئىت ساتقان، تېنىنى ساتقان، پال ئېچىپ پۇل تاپقان ھارام**» دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: «**رەم باققۇچى ياكى رەم باقتۇرغۇچى، پالچىلىق قىلغۇچى ياكى پالچىغا بارغۇچى، سېھىر قىلغۇچى ياكى سېھىر قىلدۇرغۇچى بىزدىن (مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن) ئەمەس**» («سەھىھ ھەدىسلەر» دىن، 464-بەت) دېگەن تۇرسا بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنىڭ دىن- ئىمانىغا زەخمە يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلىپ، ئىسلام دىنىدىن ئېزىپ، داغدام يولدىن تېزىپ، مۇرتەد، مۇشرىك بولۇش يولىغا نېمىشقا ماڭىدىغاندۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبىئەتتىكى بىرەر نەرسىدىن شۇملۇق ھېس قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: «**قۇشلار بىلەن شۇم پال ئېلىش، باشقا نەرسىلەر بىلەن شۇم پال ئېلىش، ئۇششاق تاشلار بىلەن پال سېلىش بۇتپەرەسلىكتۇر**» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

سېھىر-جادۇ قىلىش توغرىسىدا رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەندى: «**ئاللاھقا سۆيۈنۈش ئورنىغا باشقا سېھىر-جادۇ، تۇمارلارغا ئىخلاس قىلغان كىشىنى ئاللاھ ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويىدۇ (ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدۇ)**» («سەھىھ ھەدىسلەر»، 558-بەت). يەنە پالچىلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «**مەن ھەرگىز پالچى ئەمەس، پالچىلار، بېشارەتچىلەر، مۇنەججىملەرنىڭ ھەممىسى دوزاختا كىرىدۇ**».

«**كىمكى باشقىلار ئۈچۈن، ئۆزى ئۈچۈن ئالدىن بېشارەت ئىزدىسە، باشقىلار ئۈچۈن ياكى ئۆزى ئۈچۈن سېھىرگەرلىك قىلسا ئۇ بىزنىڭدىن ئەمەس** (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس)».

ھۆرمەتلىك دىنىي قېرىنداشلار! ئاللاھنىڭ ئايەت كەرىمى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىق چۈشەندۇقكى، ئىسلام دىنىمىز خۇراپاتلىق بىدئەت... ئىسلام دىنىمىز خىرىستالدەك سۈزۈك، پاك دىن؛ قىسمەن قارا نىيەت، قارا قورساقلار خۇراپات، بىدئەت، سېھىر-جادۇ قىلىش، پال ئېچىش، قۇرئان ئوقۇپ پۇل تېپىش، ئۆلۈمگە بارسا زەللە ئېلىش، ھەر خىل ئىرىم-سىرىملار بىلەن نادان خەلقنى ئالداش، قايمۇقتۇرۇش بىلەن دىنىمىزغا داغ كەلتۈرمەكتە. شۇڭا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئەمما قىسمەن قېرىنداشلارغا پال، سېھىر-جادۇ، بىدئەت ئەمەل، يامان ئادەت، ئەسكى ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسا: «ئاتا-ئانىلىرىمىز بۇرۇندىنلا مۇشۇنداق قىلىپ كەپتىكەن» دەپ بويسۇنمايدىغان بولغانلار تولغايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ نېمە دەيدۇ، ئاڭلاپ باقايلى: «**ھەر قاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): 'ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار' دېيىلسە، ئۇلار: 'ياق، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز' دېيىشىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟**» {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 170-ئايەت}. ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەي قارىغۇيۇق ئەگەشسەك پاسىقلار قاتارىدا، جىن-شەيتانلار قاتارىدا جازالىنىمىز. ھەر قانداق ئەمەلنى ئەقىل-تەپەككۇر بىلەن بىلىپ، چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش كېرەك. «چۈشىنىكسىز ئىبادەتتىن، پىكىرسىز قىرائەتتىن پايدا يوق» (ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپ رىۋايىتى).

خۇراپاتلىق، بىدئەت، پال ئېچىش، ئىرىم-سىرىم يامان ئىللەتلەر نېمە ئۈچۈن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىدى؟ باش سەۋەب: خەلقىمىزنىڭ نادانلىقىدىن بولدى. تارقاتقۇچىلارمۇ نادان، ئەگەشكۈچىمۇ نادان. نادانلىق، خۇراپاتلىق، قالاقلىق — يامانلىقنىڭ ئانىسى. كىشىلىك جەمئىيەتتە ئەڭ خەتەرلىك پاجىئە — نادانلىق. نادانلارنى ئالدىماقمۇ ئاسان، ئازدۇرماقمۇ ئاسان، باشقۇرماقمۇ ئاسان. نادانلىق روھىيىتىمىزگە يۇققان راك

www.uyghurkitap.com

كېسەل. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقنىڭ مەھسۇلى. قەيەردە، قايسى مىللەتتە نادانلار كۆپ بولسا، دۆلەتنى پالاكەت، خەلقنى ئاپەت باسىدۇ. نادانلىق — جىنايەت، قالاقلىق — قاباھەت. ئەل ئارىسىغا خۇراپات، بىدئەت، پىتنە-پاسات تارقىتىش زەھەر تارقاتقاندىنمۇ خەتەرلىك. خەلق روھىي جەھەتتىن زەھەرلەنسە دەھشەتلىك پاجىئەلەر يۈز بېرىۋېرىدۇ. شۇڭا نادانلىقتىن يىرگىنىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش كېرەك.

نادانلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش كېرەك. پەننىي بىلىمنى ياخشى ئىگىلىسەك، دۇنيانىڭ سىرىنى بىلىپ، دۇنيانى ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرۇپ بەخت يارىتالايمىز. دىنىي بىلىمنى ياخشى ئۆگەنسەك ئاللاھنى ھەقىقىي سۆيەت- كامالى بىلەن تونۇپ، ئىمان-ئېتىقادىمىز كۈچىيىپ، ئاللاھقا يېقىنلىشالايمىز، ئاخىرەتلىك مۇرادىمىزغا يېتەلەيمىز. بىلىم ئەقىل- پاراسەت، كۈچ قۇۋۋەت بولىدۇ. بىلىم بىلەي، ئەقىل پىچاق. بىلەپ تۇرساڭ ئەقىل پىچىقىڭ ئۆتكۈر بولىدۇ، ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق قىلالايسەن.

بىلىم ئۆگىنىش ئالتۇن قېزىش دېگەنلىكتۇر. ئالتۇن قېزىش ناھايىتى نازۇك، قىيىن ئىش. يۈكسەك غايىلىك، قەتئىي ئىرادىلىك، غەيرەت-جاسارەتلىك، سەۋر- تاقەتلىك بولغاندىلا ئالتۇن كانىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىلىم-ماھارەت، ھۈنەر-سەنئەت بايلىق خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى، ماددىي ھەم روھىي بايلىقنىڭ مەنبەسى. بىلىم-قابىلىيەتلىك، ھۈنەر-سەنئەتلىك بولغاندىلا ھەر يەردە يول ئوچۇق، قىلغان ئىشىڭىز ئۇلۇغ، ئالغان ھەققىڭىز تولۇق بولىدۇ. ھىيلە-نەيرەڭ، قويمىچىلىق بىلەن پۇل تاپىمەن دەپمۇ يۈرمەيسىز، نېمە بېرەركىن، قاچان بېرەركىن دەپ تاما قىلىپ خەقنىڭ قولىغا قاراپمۇ قالمايسىز.

"بىلىملىك ئۆزار، بىلىمسىز توزار". بىلىم-قابىلىيىتى بىلەن ئۆزۈپ چىققان ئالىملار مىللەتنىڭ مېڭىسىدۇر. ئۇلار ئۆز خەلقىنى تەرەققىيات يولىغا باشلاشتا پاراۋۇزلۇق رول ئوينايدۇ. ئالىملارنىڭ بىلىم-قابىلىيىتى، ئەخلاق-پەزىلىتىدىن خەلققە نۇر چېچىلىدۇ، يۇرت تۈزۈلىدۇ. زېمىننىڭ زىننىتى گۈل بىلەن، يۇرتنىڭ زىننىتى ئالىم بىلەن، تەننىڭ زىننىتى ئەقىل بىلەن بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۈمىد-ئىقبال يۇلتۇزى سانسىز ئالىم-ئۇستازلارنىڭ يۈرەك قېنىدىن يالترايدۇ. بىر قەۋم، بىر يۇرتتا ئالىملار قانچىكى كۆپ بولسا، تەرەققىياتمۇ تېز، قۇدرەت تېپىپ باي بولۇشمۇ تېز بولىدۇ. زاماننىڭ تىنىقىنى بىلىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، يامان ئىللەتتىن يىرگىنىپ، ئۆزىمىزنى ئوبدان چۈشىنىپ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئوبدان كۆزىتىپ، ھايات يولىمىزنىڭ خەرىتىسىنى ئەقىل بىلەن سىزىپ چىقايلى!

بىلىم جەننەتنىڭ ئىشىك بېلتى. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىزگە مىراس قالدۇرغان ئەڭ مۇقەددەس تەۋەررۇكلىرىنى — ئىلىم-ھېكمەت، فىقھى- سۈننەت، ئەخلاق-پەزىلەت، كىتابى ھەقىقەت، ئەھكامى شەرئىيەتلەرنى پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى ئەسىرگە لايىق، مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، پاراسەتلىك، پەزىلەتلىك، مورۇۋۋەتلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

(ئاپتور. مورى ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

## "مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار نەمۇنىچى كوللېكتىپ" بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2005-يىل 5-ئاينىڭ 27-كۈنى بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن "مەركىزىي مىللىي خىزمەت يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەن 4-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى"دا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەقدىرلىنىدىغان نەمۇنىچى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە تەقدىرنامە تارقاتتى. 2005-يىلى گوۋۇيۈەن 642 كوللېكتىپقا "مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار نەمۇنىچى كوللېكتىپ" دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار ئىچىدە بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن بىردىنبىر دىنىي تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەقدىرلەش يىغىنىغا جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن قاتنىشىپ، جەمئىيىتىمىزگە بېرىلگەن تەقدىرنامىنى تاپشۇرۇۋالدى. (ش)

# خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى فۇئات ئابدۇسالام تۈركىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجىن ئۆمەك مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستاپا ياڭ جىبو، خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىمادىددىن ۋېن جيەن، ھەج ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇرھانىددىن چاڭ چىڭلياڭ ئۆمەك ئەزاسى بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2005-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن 2006-يىللىق ھەج ئىشلىرى توغرىسىدا خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. مەزكۇر ئۆمەك مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ناسىر چاڭيىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى فۇئاد ئابدۇسالام تۈركى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئابدۇل مۇھسىن تۈركى قاتارلىقلار بىلەن دوستانە سۆھبەتتە بولغاندىن سىرت، ھەج ۋازارىتىنىڭ نائىب ئەمەلدارى خاتىم ھەسەن قازى، مەككە مۇكەررەمە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەلى ياسىن، ئاپتوموبىل خىزمەت ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمىي رەئىسى مۇھەممەد زەكەرىيا، جىددە مۇبارەك بىرلەشمە ۋاكالەت ئىشخانىسىنىڭ رەئىسى فارۇق ئابدۇل بۇخارى، مەدىنە ھەج يېتەكچىلىك ئورگىنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى قاتارلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە بىردەك تونۇشقا كەلدى. (ش)

## ئافغانىستان دىنىي ۋەكىللەر ئۆمىكى دۆلىتىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى دىن-ۋەقفە فوندى ۋە ھەج مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى مۇھەممەد قاسىم باشچىلىقىدىكى بەش كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئافغانىستان دىنىي ۋەكىللەر ئۆمىكى 2005-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىس شەمشىددىن ھاجى قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيوڭ ئىدارە باشلىقى يې شاۋۋېنغا ۋاكالىتەن ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى شىنجاڭدىكى ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ باشلىقى ھاپىز نىياز ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رىشىت نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭدىكى زىيارىتىدە باشتىن ئاخىر بىللە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان جايلىرىدا داڭلىق مەسچىتلەر، دارىلفۇنۇن، ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرى، مۇزېي ۋە ساياھەت رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ زىيارىتى جۇڭگو ۋە ئافغانىستان ھۆكۈمىتى، جۈملىدىن ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئالاقىنى كۈچەيتىش ھەم دوستلۇق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى زىيارىتىدە باشتىن ئاخىر بىللە بولدى. (B)

## سەئۇدى ئەرەبىستانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە-مۇكەررەمە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەلى ياسىن باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 2005-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، لەنجۇ قاتارلىق شەھەرلىرىدە 8 كۈنلۈك دوستانە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ قاتارلىقلار ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى ھەم ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا يەنە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيوڭ ئىدارە باشلىقى يې شاۋۋېنغا ۋاكالىتەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قىزغىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى جايلارغا بارغاندىمۇ يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇلارنى قىزغىن، دوستانە قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنى بۇ ئەللەردىن مەككە مۇكەررەمەگە كەلگەن ھەج قىلغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان مەخسۇس ئورگان. جەمئىيىتىمىز جۇڭگو ھەج ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرغان نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ھەر يىلى بۇ ئورگاننىڭ كۈچلۈك ھەمكارلىششى، قوللىشى ۋە ياردەملىشىشىگە مۇشەررەپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئارقىلىق جەمئىيىتىمىز بىلەن بۇ ئورگان ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، بۇندىن كېيىنكى ھەج مۇلازىمەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا ئاساس سېلىندى. ئۆمەكنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى زىيارىتىدە جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستاپا ياڭ جىبو باشتىن ئاخىر بىللە بولدى. (B)

www.uyghurkitap.com

## دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ئالاھىدە ياردەم ئىشخانىسىنىڭ جۇڭگودىكى ياردەم تۈرلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىنژېنېرلىرى ئەلى سىراج ۋە ئابدۇرەھىم سەمىر ئاۋۇرتانىلاردىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 2005 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، خۇنەن، خېنەن، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلىرىدە 9 كۈنلۈك خىزمەت زىيارىتىدە بولدى. زىيارەت داۋامىدا ئىسلام بانكىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ يەرلەردە قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ”ئۈمىد مەكتىپى“ (خۇنەندە ۋە شەندۇڭدا)، ”جېڭجو ئىسلام دارىلفۇنۇنى“(خېنەندە) قاتارلىق مائارىپ تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. جەمئىيىتىمىزنىڭ يوللىشى بىلەن ئىسلام بانكىسىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلماقچى بولۇۋاتقان خېنەن ئۆلكىلىك مۇسۇلمانلار داۋالاش پەن ـ تېخنىكا كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك مۇسۇلمانلار كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ زېمىن مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى ۋە بۇ جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى، بۇندىن بۇرۇن قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ياردەم تۈرلىرى ۋە قۇرۇلماقچى بولۇۋاتقان ياردەم تۈرلىرى قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئىجابىي تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا يەنە شەنشى ئۆلكىلىك مۇسۇلمانلار كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، شىنجاڭ ئىسلام مەكتىپى، خېبېي ئىسلام دارىلفۇنۇنى، نىڭشيا تۇڭشىن ئەرەب تىلى مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ياردەم تۈرلىرىنى، مەسئۇل خادىملىرى بىلەن بۇ جايلاردىكى ياردەم تۈرلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ قاتارلىقلار ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بېرىۋاتقان خالىسانە ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ئۆمەك شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۆمەكتىكىلەر جايلارغا بارغاندىمۇ، يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇلارنى قىزغىن، دوستانە قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. (B)

## پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللىرى جەمئىيىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** ئىسلامئاباتتىكى پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باش تەپتىشى خەلىل رەھمانخان باشچىلىقىدىكى زىيارەت ئۆمىكى 2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، مۇئاۋىن باش كاتىپ مۇستاپا ياڭ جىبو قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. (ش)

# ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

## تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى چوڭ قۇرۇقلۇقتا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نى گوئەن ئۆمەك باشلىقى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شى يوڭگۈي مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان 8 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەيۋەن ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە چوڭ قۇرۇقلۇقتا زىيارەتتە بولدى.

ئۆمەك ئەزالىرى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ ئۆمەك ئەزالىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۆمەك ئەزالىرى ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىق جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئۆمەك ئەزالىرى بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، دۇڭسى مەسچىتى قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولۇپ، جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتتە بولدى ھەمدە خان سارىيى ۋە سەددىچىن سېپىلى قاتارلىق ساياھەت، ئاسارە ـ ئەتىقە ئورۇنلىرىدا زىيارەتتە بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىسى قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولۇپ، ئۇ جايلاردىكى داڭلىق مەسچىتلەر، دارىلفۇنۇنلارنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن باشتىن ئاخىر بىللە بولدى. (B)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «يېڭى دەۋر ئاخۇنلىرى قوللانمىسى» نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن «شەرق»نەشرىياتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «يېڭى دەۋر ئاخۇنلىرى قوللانمىسى»(خەنزۇچە) نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، بۇ قوللانمىنىڭ باش مۇھەررىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا مۇراسىمدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ”بۇ قوللانما مەخسۇس ئاخۇنلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەستۇر خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى، كۈندىلىك دىنىي پائالىيەتلەر بىلىملىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، قانۇن ـ نىزام قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىكى تارىخىغا 1300 يىلدىن ئاشتى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ 20 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر جۇڭگودا 40 مىڭغا يېقىن مەسچىت، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئىمام، ئاخۇن بار. ئۇلار ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى تارقىتىش، ئىسلام مەدەنىيىتىنى روناق تاپقۇزۇش، ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا. ئىشىنىمەنكى، بۇ قوللانما ئۇلارنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ مېڭىشىدا، ئىمام ـ ئاخۇنلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينايدۇ“. (ش)

▲ **ئۈرۈمچى** شەھەرلىك تۇدۇڭخابا رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىنكاسى ۋە تەلىپى، شۇنداقلا بۇ رايوندا زەھەرلىك

چېكىملىك چەككۈچىلەر، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى باش بولۇپ، تودۇنخابا رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، پولات-تۆمۈر شىركىتى تەشۋىقات بۆلۈمى، تودۇنخې رايونلۇق كوچا باشقارمىسىنىڭ ھەر قايسى مەسئۇللىرى بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇررېقىپ داموللىنى تەكلىپ قىلىپ، 8-ئاينىڭ 4-كۈنى پولات زاۋۇتى رايونىدا مىللەت-دىن ئىشلىرىغا مەسئۇل (قوشۇمچە مەسئۇل) كادىرلار، ئەيدىز كېسەللىرى ھەم ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 130 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان، « «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىك ھەققىدىكى بايانلىرى» دېگەن تېمىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش ۋەز-تەبلىغ دوكلات يىغىنى ئاچتى. ۋەز-تەبلىغ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالامىتى، كېسەلنىڭ قوزغىلىشى، يۇقۇملىنىش، قانداق قوغدىنىش دېگەن تۆت قىسىم بويىچە سۆزلەندى. ھەر بىر قىسىمدا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفتىن مۇناسىۋەتلىك بايانلار كەلتۈرۈلدى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن بىلىملىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدى، دوكلاتنىڭ مەزمۇنى مول، جانلىق، چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق، تەسىرلىك بولۇپ، ۋەز-تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلار ئۈنۈمىدىن ناھايىتى چوڭ تەربىيە ئالدى.

شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى پۈتۈن شەھەردىكى دىنى زاتلارنىڭ مەسچىتلەردە ئەيدىز كېسىلىگە ئالاقىدار بىلىم ۋە تېمىلاردا ۋەز سۆزلىشىنى تەلەپ قىلدى؛ شۇنداقلا پۈتۈن شەھەردىكى خەلقنى ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى تەشەببۇس قىلىشقا، ئەيدىز كېسەللىرىنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشقا، ئۆز ئارا كۆيۈنۈشتەك ئەخلاق-پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

(شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ **قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك 4-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2005-يىل 5-ئاينىڭ 26-كۈنى چاقىرىلدى، يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى(باش كاتىپلىرى) ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 60 كىشى قاتناشتى. يىغىندا نۆۋەتلىك ھالدا «دىن ئىشلىرى نىزامى» ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىن ئاخىرىدا خىزمەتتە نەتىجە ياراتقان يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئۈچۈر خىزمىتىدىكى 5 نەپەر شەخس مۇكاپاتلاندى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ بۇ يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى **مەكىت** ناھىيە بازارجەمئى يېزىلىق ئىسلام جەمئىيىتى يېزا بويىچە 52 مەسچىتنىڭ ئىمام-خاتىپلىرىنى تەشكىللەپ «دىن ئىشلىرى نىزامى» بويىچە زېھىن سىناش، ۋەز سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. (مەمتىمىن مۇسا)

▲ **خۇشۇت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 11-كۈنى 3-سانلىق دائىمىي ئەزالار يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان تېۋىلغا بازارلىق مەسچىت ۋە ئۈچ شەخس مۇكاپاتلاندى، شۇنداقلا بۇ يىللىقى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (ھامۇت مامۇت)

▲ **خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2003-يىلى ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە مەسچىتلەرنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. 2004-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ يوللانغان مەلۇماتتىن قارىغاندا، كۆكەرتىلگەن مەسچىت 3043 كە، تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخ 44مىڭ 884 تۈپكە، تىكىلگەن جىرىم 342مىڭ 750كە، ئۆستۈرۈلگەن گۈللۈك 24مىڭ 560 كۇۋادرات مېتىرغا يەتكەن. 2005-يىلىدا بۇ خىزمەت يەنە تەكىتلەندى. 4-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2005-يىلى ۋىلايەت بويىچە 1787مەسچىت كۆكەرتىلگەن كۆلەمنى كېڭەيتكەن ۋە يېڭىدىن كۆكەرتكەن. بۇ يىل تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخ 24مىڭ 717 تۈپكە، جىرىم 81مىڭ 728تۈپكە، ئۆستۈرۈلگەن گۈللۈك 9483 كۇۋادرات مېتىرغا يەتكەن. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

▲ **قاغىلىق** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ نامراتلارغا ياردەم قولىنى سۇنغان ئابدۇقېيۇم ھاجىم، نىزام بارات قاتارلىق 12 دىنىي زاتنى مۇكاپاتلىدى.

(سىدىق تۇردى)

▲ **باي** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ئىككى كىشى بۇ يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، مارالبېشى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە بېرىپ ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

(تۇردى ھەسەن)

▲ بۇ يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى **چىرا** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى جەمئىيەت دائىمىي ئەزالىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 21 دائىمىي ئەزا ۋە بىر قىسىم نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ خاتىپلىرىدىن بولۇپ 27 كىشى قاتناشتى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

▲ بۇ يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى **خوتەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەيئەت ئەزا، جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى، ئالاقىدار رەھبەر، بىرلىكسەپ ئىشخانا مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 150 كىشى قاتناشتى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

▲ 2005-يىل 6-ئاينىڭ 8-كۈنى **مەكىت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىغا ھەر قايسى يېزا(بازار) دىن بولۇپ جەمئىي 10 خاتىپ قاتناشتى.

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

## ئىسلام مائارىپى

▲ 2005-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى **شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى** مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، 2000-يىللىق تالىپلارنىڭ بەش يىللىق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملىغانلىقىنى تەبرىكلىدى. مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رىشىت نىياز، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. مۇراسىمدا رىشىت نىياز سۆز قىلىپ، 2000-يىللىق تالىپلارنىڭ ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملىغانلىقىنى تەبرىكلىدى. 2000-يىللىق تالىپلار شىنجاڭنىڭ ھەر

www.uyghurkitap.com

قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر قازاق، بىر نەپەر قىرغىز، بىر نەپەر خۇيزۇ ۋە 40 نەپەر ئۇيغۇر بار. ئۇلار بەش يىللىق ئوقۇش داۋامىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئىنتىپاقلىشىپ، بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ تالىپلار بۇ يىل 5-ئايدا ئۆز يۇرتلىرىدا بىر ئايلىق پراكتىكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پراكتىكىدىن قايتقاندىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ شىنجاڭدىكى داڭلىق ئۆلىمالار ئىمتىھان ئېلىشقا تەكلىپ قىلىندى. ئىمتىھاندا ئۇلار ئۆلىمالارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 2005-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى دارىلفۇنۇنغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەندە ئۇلارنى ئالاھىدە يوقلىدى ۋە ئىلھامبەخش سۆز قىلدى. ئۇلار بەش يىلدا مول دىنىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۆزلىرىدە ئەخلاق-پەزىلەت، توغرا دۇنيا قاراش، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپا يېتىلدۈرۈپ، كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

(شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى)

▲ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن **شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى** 2000-يىللىق تالىپلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللىدى. دارىلفۇنۇننىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماخۇگسەن، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىمىنجان سەيدىن يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 2005-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى يولغا چىقىپ، 6-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، شىئەن قاتارلىق ئىچكى ئۆلكە ۋە شەھەرلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى جەريانىدا مەركىزي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆمەكتىكىلەرگە سەممىي غەمخورلۇق ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنداقلا بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، شىئەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى ھەر دەرىجىلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەزكۇر شەھەرلەردىكى ساياھەت نۇقتىلىرى، ئالىي پەن-تېخنىكا سانائەت رايونلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرى، داڭلىق مەدرىس، مەسچىتلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ھەم كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. (شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى)

▲ **قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى 2005-يىلى 6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىزباسار تالىپلارنى تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇدەررىس، تالىپلار بولۇپ 160نەچچە كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 50 تالىپنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش ئەھۋالىدىن خۇلاسە قىلىندى ھەمدە ئۇلارغا شاھادەتنامە بېرىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ **يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى ئىز باسار تالىپلار كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىم 90 نەپەر تالىپ ئوقۇش پۈتتۈردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك جەمئىيىتى)

▲ مېيىت يۇغۇچىلار كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن **يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشىدە ھەر قايسى يېزا-بازارلار مېيىت يۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ياش بىر ئەۋلات غەسساللارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچتى. كۇرسقا شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، دىنىي زاتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، ئېتىقادچى ئاما ۋەكىللىرى بولۇپ 916 كىشى قاتناشتى. كۇرستا مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەش، نەزىر-چىراغ قىلىشتىكى دىنىي قائىدىلەر ۋە ئۆرپ-ئادەت بىلىملىرى ئۆگىتىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ **پوسكام** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2005-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنى ئىزباسار تالىپلار كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن 60 تالىپتىن 10 مۇنەۋۋەر تالىپ ماددىي بويۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 6-قارارلىق ئىز باسار تالىپ تەربىيىلەش كۇرسى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 30-كۈنى ئاياغلاشتى. كۇرس ئاخىرىدا مۇراسىم ئېچىلىپ، 45 كۇرسانتقا گۇۋاھنامە تارقىتىلدى. (ئەنۋەر تۇردى)

▲ **يەكەن** ناھىيە چارەك بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 30-كۈنى ئايال مېيىت يۇغۇچى(غەسساله)لار كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا بازار تەۋەسىدىن كەلگەن 75 كۇرسانت قاتناشتى.

(سادىق قارىم)

▲ **لوپ** ناھىيىسىدىكى 21 نۇقتىدا دىنىي بىلىم ئېلىۋاتقان 63 نەپەر تالىپ بۇ يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە «دىن ئىشلىرى نىزامى» ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى.

(تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)

▲ **گۇما** ناھىيىسىدە ئىز باسار تالىپ تەربىيىلەش 2-قارارلىق كۇرسىغا يېزا-بازار، بىرلىكسەپ، دىنىي ئىشلار كادىرلىرى ھەم شاگىرتلاردىن بولۇپ 110دىن كۆپ كىشى قاتناشتى. كۇرستا «دىن ئىشلىرى نىزامى»، «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» دېگەندەك 20 دىن كۆپ تېمىدا لېكسىيە سۆزلەندى. (ئابدۇلئەھەد ئالىم)

▲ **شايار** ناھىيە تويبولدى يېزا بازىرىدا غەسساله كۇرسى ئېچىلىپ، 57 نەپەر ئايال تەربىيىلەندى. (ئەھەت مۇھەممەد، ياسىنجان ئەھەت)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▲ **قاغىلىق ناھىيە** چوپان يېزىسى شۇشۇ كەنت تاجىك مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، يېزىلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تاجىك دىنىي زات **سېيتئۆمەر بەگدۆلەت ئۇيغۇر**، تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ دىلكىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ دىنىي خادىملىق ۋەزىپىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە خەلق كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان " چوپان دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىش، خەتەرلىك مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىش، مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش، تاغ ئارىسىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش" قاتارلىق قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان 65 پارچە تەكلىپ-تەۋسىيە خېتىنى سىياسىي كېڭەش سانلىق يىغىنىغا سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەزالىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلدى. ئۇ يەنە بۇ كەنتتىكى نامرات، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، يىللاردىن بېرى 450 كىلوگرام ئاشلىق، 670يۈەن پۇل، ئالتە تۇياق قوي، ئۆچكە، بىر

ئات، بىر ئېشەك، 35قۇر كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلدى. (مۇساجان ياسىن، تۇرسۇنگۇل توختى)

▲ **مارالبېشى** ناھىيە ئالاغىر يېزا 10-كەنت 1-مەھەللە جۇمە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ئەيسا مەمەت** ئەقلى، ھالال تەرى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن ساخاۋەتنى ئەلا بىلىپ، 2001-يىلدىن بۇيان ھەر قېتىملىق ھېيت ۋاقتىدا كەنتتىكى 40 تىن ئارتۇق نامرات ئائىلىدىن 5000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل بىلەن ھال سورىدى. 2003-يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئەتىيازدا 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدە دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى تارقىتىپ، يىل ئاخىرىدا ئەسلى كىرگۈزگەن باھا بويىچە ھەق يىغىپ، دېھقانلارغا 5000 يۈەندىن ئارتۇق پايدىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇ يىل 2-ئايدا ئۇ ئۆز كەنتىدىكى ھادىسىگە ئۇچراپ يارىلانغان بىردېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا 1000يۈەن ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ1260 يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. (ئەنۋەر تۇردى)

▲ **يەكەن** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ، ئېلىشقۇ بازارلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى **ياسىن قارى ھاجىنىڭ** تەشەببۇسى بىلەن جامائەت ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 3500 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ياسىن قارىي ھاجى يېقىندا نامرات ئىككى دېھقاننىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىش ئىشىغا 1000 يۈەن ياردەم قىلدى، بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 300 يۈەنلىك ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. ئېلىشقۇ بازار دۆڭئېرىق 7-كەنت 1-مەھەللىدىكى **ئابدۇللاخان مەخسۇم** يېقىندا ئېغىر بىر كېسەلگە 2500 يۈەن ياردەم قىلدى. شۇ مەھەللىدىكى **ھىدايەت ساۋۇت ھاجى** ھەر يىلى بازار تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 1500 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ كەلدى، يېقىندا ئېلىشقۇ بازارلىق ساناتورىيىگە 2500 يۈەن قىممىتىدە ئۇن، كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە ياردەم قىلدى. دۆڭئېرىق 7-كەنت 2-مەھەللىدىكى **مۇسا قاۋۇل ھاجى** ئېلىشقۇ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 3500 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇ يەنە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نامرات ئائىلە، يېتىم-يېسىرلارغا 8000 يۈەن قىممىتىدە ئۇن، سەي-كۆكتات، گۆش، كىيىم-كېچەك يەتكۈزۈپ بەردى. يەنە شۇ مەھەللىدىكى **تۇرسۇن مۇسا ھاجى** ئېلىشقۇ بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 40 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا 2500 يۈەن قىممىتىدە ئوقۇش قوراللىرى ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازار قۇغان 4-كەنتىدىكى **مەھەممەت ئوسمان ھاجى** نامرات ئائىلىلەرگە 6000 يۈەنلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلدى، مائارىپقا 500 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12-كەنتتىكى **ئابدۇرەھمان ھاجى** مائارىپقا 340 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

▲ **يەكەن** ناھىيە ئېلىشقۇ بازىرىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئالدىن بېيىغان تىجارەتچىلەر بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان نامرات ئائىلىلەرگە 3500 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. (ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

▲ **مارالبېشى** ناھىيە ئاقساقمارال يېزا 1-كەنت 2-مەھەللە جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئابدۇكېرەم سابىر ھاجى** بېيىغاندا ساخاۋەتنى ئۇنتۇماي، 2004-يىلى ئۆز يېنىدىن 6000 يۈەن چىقىم قىلىپ، كەنت يولىدىكى ئاساسلىق غول ئۆستەڭگە بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى، شۇ يىلى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 500 يۈەنلىك كۆمۈر ئېلىپ بەردى. ئۇ يەنە كەنتتىكى يەتتە نامرات ئائىلىگە ھەر يىلى قىش پەسلىدە ئۇن ، ياغ، كۆمۈر(500 يۈەن قىممىتىدە) ئېلىپ بەردى. (ئەنۋەر تۇردى)

▲ **خۇشۇت** ناھىيە ئۇششاقتال مىللىي يېزىسىدىكى ئالدىن بېيىغان دىنىي زات **ياسىن توختى ھاجى** ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان 10 ئوقۇغۇچىنىڭ 2800 يۈەن رەسمىيەت پۇلىنى بېجىرىپ بەردى، نەتىجىدە ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالىدى. (ھامۇت مامۇت)

▲ 1992-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرۈپ **مەكىت ناھىيە** قۇمقىسار يېزا بازىرى گۈزە مەسچىتتە مۇئاۋىن ئىمام بولۇپ، 2000-يىلدىن باشلاپ بازار ئورداكۆل مەسچىتىنىڭ خاتىپلىقىنى قىلىۋاتقان دىنىي زات **ئەسقەر قاسىم** ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، ئائىلە-ئېلېكتېر سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن 1مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ چوڭ تىپتىكى بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ ئوتتۇرا، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە 6 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ ئۆز كەنتىدىكى 30 دىن ئارتۇق نامرات دېھقاننىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 100مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل بېرىپ تۇردى. 2002-يىلىدا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن 15 دېھقاننىڭ 130 مو ئەتراپىدىكى يېرىنى ھەقسىز ئاغدۇرۇپ بەردى. (رەيھانگۈل تۇرغۇن)

▲ **قەشقەر يېڭىشەھەر** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ھاراپ يېزا 12-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئاباباس قارى** قاتناش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن ئۆز يېزىسىدىكى نامرا ت كىشىلەرگە 13 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، سىتىلە يېزىسىدىكى كېسەلچان بىر مومايىنى 2700 يۈەن سەرپ قىلىپ داۋالاتتى. 2000-يىلدىن بېرى ھاراپ يېزىسىنىڭ ئالتە كەنتىدىن ھاراپ ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ-كېلىپ ئوقۇيدىغان 35 ئوقۇغۇچىنى ھەقسىز كىرا قىلدى. 2002-يىلى ئۇ ھاراپ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپكە 5000 يۈەنلىك ئۈستەل-ئورۇندۇق، تەنتەربىيە بويۇملىرى، ھاراپ يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە 17مىڭ دانە خىش ياردەم قىلدى. بۇ يىل 6-ئايدا ئۇ ''قوش تىل ئۆگىنىش سىنىپى''نى قوللاپ، 50 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق، 20 نامرات ئوقۇغۇچىغا 20 قۇر مەكتەپ فورمىسى ئېلىپ بەردى ۋە مۇشۇ سىنىپنىڭ ھەر يىللىق قىشلىق ئىسسىنىش ھەققى ۋە تۈرلۈك چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ يىل 7-ئايدا ئاباباس قارى يەنە قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق يېزا 10-كەنتتىكى بىر نامرات ئائىلىگە 500 يۈەن ئىئانە قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ **پىچان** ناھىيە پىچان يېزا يېڭىيەر كەنتى شىخلار مەسچىتىنىڭ ئىمامى **سەيپۇل ئىسمائىل** يېقىندا يېڭىيەر باشلانغۇچ مەكتىپىگە 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (كېرەم روزى)

▲ **قاغىلىق** ناھىيە ئۇششاقباش بازار قاساپخانا 5-كەنتىدىكى **مەتنىياز ئىمىن ھاجى** چارۋىچىلىق، باغ-ئورمان كەسپى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن 10 يىلدىن بۇيان بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە كەنت مەكتىپىگە 1300 يۈەن، نامرات ئائىلىلەرگە 500 يۈەن نەق پۇل، 24مىڭ 250 يۈەن قىممىتىدە 97 تۇياق قوي، 1000 كىلوگرام ئاشلىق ياردەم قىلدى، 5000يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەردى، ئۆزىنىڭ تىراكتورى بىلەن 24 نامرات ئائىلىنىڭ 480 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى. (سىدىق تۇردى)

▲ **يەكەن** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، يەكەن بازار ئالتۇن جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **مۇختەر قارىم** بۇ يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەكتىپىگە كېلىپ، 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

▲ 2005-يىل 6-ئايدا مەكىت بازىرىدىكى دىنىي زاتلار 1680 يۈەن يىغىش قىلىپ 44 خالتا ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ، 35نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. (ئابدۇرىشىت ۋاسىل)

▲ **مارالبېشى** ناھىيە دۆلەتباغ يېزا 4-كەنت 2-مەھەللە جۈمە

مەسچىتىنىڭ خاتىپى **سىدىق ئابدۇللا قارى ھاجى** بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 1000 يۈەن قىممىتىدە 10 تال ياغاچنى تىلدۇرۇپ، ئەتراپىتىكى بىر قانچە كىشىنى تەشكىللەپ، كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن 8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆۋرۈكنى رېمونت قىلدۇردى. (ئەنۋەر تۇردى)

▲ قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق يېزىسىنىڭ كەنت يوللىرىنى ياساش قۇرۇلۇشىغا بوياقچاقىرى14 ـ كەنت 4 ـ مەھەللىدىكى **ئەخمەت مەخسۇت** ھاجى 5000 يۈەن، ئاياغئۇراڭ 15 ـ كەنت 4 ـ مەھەللىدىكى **تۇرسۇنتوختى ھاجى** 5000 يۈەن، باشئۇراڭ 6 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەلەم نىزامىدىن ھاجى 1000 يۈەن، باشئۇراڭ 6 ـ كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇجېلىل قارى 1000 يۈەن، ئۇراڭ 10 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئوبۇل ئابدۇللا ھاجى 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (سىدىق تۇردى، مەھەممەتجان ئاقايىت)

▲ بۇ يىل باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن **ئاقتۇ** ناھىيىسى بويىچە 91 دىنىي زات ئۆز تەۋەيىدىكى مەكتەپلەرگە جەمئىي 19مىڭ 700 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇنىدىن باشقا بازارلىق ھۆكۈمەت 2 ـ كەنتتىكى پازىل قارىي ھاجى 61 نامرات ئائىلىگە 3100 يۈەن نەق پۇل، 17 توننىغا يېقىن كۆمۈر تارقىتىپ بەردى، يەنە پىلال يېزا 12 ـ كەنتتىكى ياش دىنىي زات **ئۇسمانجان قارىم** ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 50 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇزۇم بارىڭىنى 700 يۈەن سەرپ قىلىپ ياغاچ ۋە بېتون تۈۋرۈك بىلەن ياسىتىپ بەردى.

(تۇرسۇنجان تاشمەت، سەيدىن ئىسمائىل، موللامەت ئىمىن)

▲ **قاغىلىق** ناھىيىسىدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرى ۋە نامراتلارغا 57مىڭ 275يۈەن نەق پۇل، 15مىڭ 462 كىلوگرام ئاشلىق، 8 توننا كۆمۈر، 313 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 8 تۇياق چارۋا ۋە 45مىڭ 860يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى.

(سىدىق تۇردى، ھېزىمجان سەيدەخمەت)

▲ **قاغىلىق** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، چاسامەسچىت يېزا يارباغ 3 ـ كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى **مامۇت داۋۇت** باقمىچىلىق، كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندا ئاجىزلارنى يۆلىدى. ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆز كەنتىدىكى قارىغۇچىسى يوق ياشانغان، نامرات دېھقانلاردىن بەش كىشىنىڭ ھەر بىرىگە 500 يۈەندىن يىلىغا 2500 يۈەن نەق پۇل، 550 كىلوگرام ئاشلىق، 10 نەچچە قۇردىن كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلدى. كەنتىدىكى بەش يېتىم بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۇلارنى مەكتەپتە ئوقۇتتى. 2000 ـ يىلدىن بۇيان 6 يىلدا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 2000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(سىدىق تۇردى، ھېزىمجان سەيدەخمەت)

▲ **قاغىلىق** ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، قاغىلىق بازارلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، كۆككۆۋرۈك مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان مۇھاجىر دىنىي زات **مامۇت مۇھەممەتئىمىن** ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغاندا جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ كەلدى، يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ئۇ نامراتلارغا ھەر يىلى ئۆز يېنىدىن 1000 يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك، ئاشلىق، نەق پۇل ياردەم قىلغاندىن سىرت، يېتىمقۇلۇم يېزىسىنىڭ بوزغۇنئېرىق 19 ـ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 350 يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلدى. ئاقسۇدىن كەلگەن بىر مۇساپىرغا 200 يۈەن ياردەم قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى. (سىدىق تۇردى، ھەسەن تۇردى)

▲ **ئۈرۈمچى** شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى **مۇختەر ئاخۇن** قولى مېيىپ بولسىمۇ خەتتاتلىقنى ئۆگەنگەن، كىتاب ـ ژۇرنال سېتىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك ئاساسى بولغان ئىرادىلىك ياش ئابدۇراخمان نىياز(ئاتەش) نىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، ھەر قايسى مەسچىتلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ كىتاب ـ ژۇرنال بوتكىسى ياسىشى ئۈچۈن 3050 يۈەن ئىقتىساد توپلاپ بەردى.

(ئابدۇراخمان نىيازنىڭ تەشەككۇرنامىسىدىن ئېلىندى)

▲ **ئاقتۇ** ناھىيە پىلال يېزا پىلال كەنتىدىن **ھىدايىتۇللا ھاجى** بىلەن پەرزەنتى **مەخمۇت ھاجىم** يېقىندا پىلال يېزا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ50 مىڭ يۈەن پۇلىغا 81مىڭ 700 يۈەن پۇل قوشۇپ، جەمئىي 131مىڭ 700 يۈەنگە 40 دانە كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر دەرسى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، يېزا مەكتەپلىرىدە كومپيۇتېر دەرسىنىڭ ئۆتۈلمەسلىكىگە خاتىمە بەردى. پىلال يېزا بەشتېرەك كەنتىدىن **ئابدۇكېرىم قارىھاجىم** جۈمە مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغان خىشتىن 10مىڭ دانە، 1 توننا سىمونت، 8 كۇپمېتىر تاشنى بەشتېرەك مەكتەپنىڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدى. (كۇرەش ئابنۇس)

▲ بۇ يىل 7 ـ ئايدا **مەكىت** ناھىيىسىنىڭ شېھتدۆڭ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار بىرلىكتە 3276يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، مولدۇر ئاپىتىدە ئاشلىق، زىرائەتلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان 4 ـ، 5 ـ كەنت دېھقانلىرىغا ياردەم قىلدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

▲ **مارالبېشى** بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى دىنىي زاتلار نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكەن، ئەمما ئىقتىسادتا قىينىلىپ قالغان بىر ئوقۇغۇچىغا جەمئىيەت نامىدىن 1156 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(ئەنۋەر تۇردى)

▲ **خۇشۇت** ناھىيە چوققۇر يېزا كوناشەھەر كەنت مەسچىتىدىكىلەر ھېبىبۇللا قارىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بەش نەپەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ 1400 يۈەن ئوقۇش رەسمىيەت پۇلىنى بېجىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نورمال ئوقۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. (ھامۇت مامۇت)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▲ **قاراقاش** ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزا ئاياغ تۇگمەنئېرىق كەنتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى **ئابلىكىم كامال** ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېقىندىن مەدەت بېرىشى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن بۇ يىل ئەتىيازدا ئۆز يېنىدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ چىقىرىپ، ئۆز كەنتىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىشقا باشلىدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1261 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ ئاياغ تۇگمەنئېرىق، دۆڭئاچما كەنتىدىكى 600 گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيالايدۇ. بۇ مەكتەپ بۇ يىل 9 ـ ئايدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. (ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ)

▲ **قاغىلىق** ناھىيىسىكى ھەر مىللەت سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ باشچىلىقىدا 10 مىڭغا يېقىن ھەر ساھە ئاммا 2003 ـ يىلى راك كېسىلى ئېنىقلانغان ناھىيىلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 4 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى شىرئەلى مۇھەممەتكە بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 45مىڭ 114يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(سىدىق تۇردى)

▲ بۇ يىل5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى **بىگتۇەن 3 ـ دېۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قېرىنداش تۇەن ـ مەيدانلاردىكى يامغۇر، مولدۇر ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىغا 12مىڭ 20 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. پەيزاۋات باش مەيدان ئورۇقچىلىق پونكىتىدىكى 8 رەھبىرىي كادىر 500 يۈەن چىقىرىپ، بۇ ليەندىكى نامرات ئىشچىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلىغا ياردەم قىلدى.

(تۇرسۇنجان زۇنۇن)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

▲ **يەكەن** قوشئېرىق يېزا قويچى كەنتى ئۆزۈنئېرىق مەسچىتى ئىمامىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەسچىت جامائىتى 500 يۈەن يىغىش قىلىپ شۇ مەھەللىدە تۇرۇشلۇق مېيىپ بىرەيلەننىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.

(ئابدۇكېرىم قارى)

▲ **تولسۇ** ناھىيىلىك يولتۇزباغ بازىرىغا قاراشلىق بازاركەنت 1 - گۇرۇپپىنىڭ كېسەلكتىن سېلىنغان كونا، خەتەرلىك مەسچىتگە شۇ گۇرۇپپىدىكى ياش دېھقان **ئېزىز زايىت** 1000يۈەن ئىئانە قىلدى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بارات ھەسەن 500 يۈەنلىك بىر گىلەم ئېلىپ بەردى. (ئېزىز كېۋىر)

▲ بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى **قاغىلىق** ناھىيە، چوپان يېزا كۆتەمە كەنتىدىكى جامائەت تاغدىن تېيىلىپ كېتىپ يارىلانغان بىر كىشىنىڭ داۋالىنىشىغا 1130 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(مۇساجان ياسىن، تۇرسۇنگۈل توختى)

▲ يېقىندا **قەشقەر** ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق يېزا 10 - كەنتكە بېرىپ نامرات ئائىلىلەرگە 5000 يۈەن قىممىتىدە ئۇن، كۆمۈر، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ **پەيزاۋات** ناھىيە قىزىلبويى يېزا 32 - كەنت 1 - مەھەللىدىكى دېھقان قۇربان ئىبراھىم ئۇرۇمچىگە چىقىپ تىجارەت بىلەن بېيىغاندىن كېيىن يۇرتىدىكى نامراتلارغا ياردەم بېرىپ كەلدى، بۇ يىل ئۇ 10 قوي سېتىۋېلىپ ئۆز مەھەللىسىدىكى نامرات، ئىگە - چاقىسىز 10 ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. يەنە مەھەللىسىدىن ئۈرۈمچىگە داۋالانغىلى كەلگەن بىر نامرات دېھقاننىڭ ياتاق، تاماقىغا قارىغاندىن سىرت، 500 يۈەن ياردەم قىلدى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▲ بىڭتۈەن 4 - دېۋىزىيە 64 - تۈەن 6 - لىيەندە سېلىنىۋاتقان مەسچىت قۇرۇلۇشىغا تۈەن - مەيداندىكى دىنىي زاتلار، مەسچىت جامائەتلىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەر 30مىڭ 200 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(تۇرغان ئۆمەر)

▲ بۇ يىل 6 - ئاي كىرگەندىن بۇيان بىڭتۈەن 4 - دېۋىزىيىگە قاراشلىق تۈەن - مەيدانلاردىكى ئىشچىلار تېرىغان 40 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز، تاۋۇزلار كەلكۈن، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا مەسچىت ئىماملىرى ۋە جامائەت ئىشچىلارغا 29مىڭ 300 يۈەن ئىئانە قىلدى ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا خالىس ياردەملىشىپ بەردى. (تۇرغان ئۆمەر)

▲ **پەيزاۋات** ناھىيە قىزىلبويى يېزا چۈرۈچ 33 - كەنت 4 - مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق **پېقىردىن ئىسمائىل** تېرىقچىلىق، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندا مەھەللىسىدىكى نامراتلارغا 50 تۇپ قارا ئۆرۈك كۆچىتى، 100 تۇپ ئۈزۈم كۆچىتى، 20 كىلوگىرام قاغاجىگىدە ئۇرۇقى ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى بېيىشقا يېتەكلىدى. ئۇ يەنە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 500 تۇپ ئۈزۈم كۆچىتى، 10 ھارۋا ئوتۇن، بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارغا 300 يۈەن پۇل ياردەم قىلدى. ئۇ مىشا يېزىسى بىلەن قىزىلبويى يېزىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا 1000 يۈەن قىممىتىدىكى ئىككى چوڭ ياغىچىنى ئىئانە قىلدى، ئۇ يەنە مەھەللىسىدىكى ئۆتۈشمە يول، ئېرىقلارغا 958 يۈەن قىممىتىدە ئۈچ دانە بېتون نو ئەكىلىپ ھەقسىز قويۇپ بەردى. ئۇندىن باشقا ئۇ نامرات قېرىنداشلىرىغا 1000 كىلوگىرام ئاشلىق، 24 قۇر كىيىم - كېچەك، 150 كىلوگرام سەي ياردەم قىلدى.

(مەخەت هامۇللا)

▲ **قاغىلىق** ناھىيە غوجئېرىق يېزىسىدىكى كادىرلار ۋە ئامما بولۇپ 225 كىشى قاچى 13 - كەنت 2 - مەھەللىدىكى ئائىلىسى نامرات 15 ياشلىق بىر قىزنىڭ خەتەرلىك ئۆسمە كېسىلىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلدى، قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيە 18 - دوختۇرخانىسىمۇ 3000 يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش چىقىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، 10مىڭ يۈەن بىلەن قىزنىڭ كېسىلى داۋالىنىپ، ھاياتى ساقلاپ قېلىندى. (سىدىق تۇردى، زىبىبۇللا قادىر)

▲ **يەكەن** ناھىيە ئېلىشقۇ بازار بەشقۇدۇق 12 - كەنتتىكى بېيىغان دېھقان **قۇربانجان مەھەممەت** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نامرات 40 ئائىلىگە 6000يۈەن قىممىتىدە ئۇن، گۆش، ياغ يەتكۈزۈپ بەردى. يەنە شۇ كەنتتىكى ھاللىق دېھقان **ئابلىز مامۇت** قامغاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە 3000يۈەن قىممىتىدە تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ئېلىپ بەردى؛ يېتىم - يېسىرلارغا 3000مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئۇن، گۆش، ياغ يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ يەنە ئۆز كەنتىدىكى ئىككى دېھقاننىڭ يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 3500 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى.

(ئۆمەرجان مۇھەممەدى)

## قىسقا خەۋەرلەر

▲ **خوتەن** شەھىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنى شەھەردىكى دىنىي زاتلار ئارىسىدا ۋەز - تەبلىغ سۆزلەش، ئارقان تارتىشىش، ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

(ئېلىئەكبەر جېلىل)

▲ **بىڭتۈەن 4 - دېۋىزىيە** مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى يېقىندا «بەشتە ياخشى مەسچىت»لەرنىڭ ئىماملىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ ، 9 نەپەر ئىمامنى 21 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن مۇكاپاتلىدى. يەنە بىڭتۈەن 4 - دېۋىزىيە 64 - تۈەن مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىشخانىسى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۈەن - مەيدانغا قاراشلىق 14 - لىيەندە ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىغا تۈەن - مەيدانغا قاراشلىق 5 مەسچىتنىڭ ئىمام - مەزىنلىرى، جامائەتلەردىن بولۇپ 120دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئاخىرىدا 19 - لىيەن مەسچىتىنىڭ ئىمامى داۋۇت ماموتھاجى قاتارلىق 3 ئىمام نەتىجىگە ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. (تۇرغان ئۆمەر)

▲ **قەشقەر** شەھەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورونلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن قەشقەر شەھەرلىك چاسا كوچا باشقارمىسى، ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى 2005 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق دىنىي زاتلارنى تەشكىللەپ قەشقەر مەشئەل ئىسسىق ئېنېرگىيە شىركىتى، قەشقەر پويىز ئىستانسىسى، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ئورنى ۋە بىر قىسىم يېزىلاردىكى سەيۋەنچىلىك، باقمىچىلىق بازىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. (نىجات غوپۇر)

▲ **قەشقەر** شەھىرى شامالباغ يېزىسى بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دىنىي زاتلارنى تەشكىللەپ «دىن ئىشلىرى نىزامى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. (نىجات غوپۇر)

▲ **ئاقتۇ** ناھىيە پىلال يېزا ئاقمەسچىت كەنتى مەكتەپكە 45مىڭ دانە خىش ياردەم قىلىپ، مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىنى ياساپ بەردى. ئۆزمە يېزا 1 - كەنت ۋە 12 - كەنت چاغىر مەكتەپكە 40مىڭ خىش ياردەم قىلدى. (كۇرەش ئابنۇس)

## ھىجرىيە1426- يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامىزان | مىلادى 2005-يىل | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | شام-شەفتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4—10 | سەيشەنبە | 3:34 | 4:32 | 6:10 | 12:25 | 15:18 | 17:47 | 18:38 |
| 2 | 5 | چارشەنبە | 3:35 | 4:33 | 6:11 | 12:25 | 15:17 | 17:46 | 18:37 |
| 3 | 6 | پەيشەنبە | 3:36 | 4:34 | 6:12 | 12:25 | 15:16 | 17:45 | 18:36 |
| 4 | 7 | جۈمە | 3:37 | 4:35 | 6:13 | 12:25 | 15:15 | 17:44 | 18:35 |
| 5 | 8 | شەنبە | 3:38 | 4:36 | 6:14 | 12:25 | 15:14 | 17:43 | 18:34 |
| 6 | 9 | يەكشەنبە | 3:39 | 4:37 | 6:15 | 12:25 | 15:13 | 17:42 | 18:33 |
| 7 | 10 | دۈشەنبە | 3:40 | 4:38 | 6:16 | 12:25 | 15:12 | 17:41 | 18:31 |
| 8 | 11 | سەيشەنبە | 3:41 | 4:39 | 6:17 | 12:25 | 15:11 | 17:40 | 18:30 |
| 9 | 12 | چارشەنبە | 3:42 | 4:40 | 6:18 | 12:25 | 15:10 | 17:39 | 18:29 |
| 10 | 13 | پەيشەنبە | 3:43 | 4:41 | 6:19 | 12:25 | 15:09 | 17:38 | 18:28 |
| 11 | 14 | جۈمە | 3:44 | 4:42 | 6:20 | 12:25 | 15:08 | 17:37 | 18:27 |
| 12 | 15 | شەنبە | 3:45 | 4:43 | 6:21 | 12:25 | 15:07 | 17:36 | 18:26 |
| 13 | 16 | يەكشەنبە | 3:46 | 4:44 | 6:22 | 12:25 | 15:06 | 17:35 | 18:25 |
| 14 | 17 | دۈشەنبە | 3:47 | 4:45 | 6:23 | 12:25 | 15:05 | 17:34 | 18:24 |
| 15 | 18 | سەيشەنبە | 3:48 | 4:46 | 6:24 | 12:25 | 15:04 | 17:33 | 18:23 |
| 16 | 19 | چارشەنبە | 3:49 | 4:47 | 6:25 | 12:25 | 15:03 | 17:32 | 18:22 |
| 17 | 20 | پەيشەنبە | 3:50 | 4:48 | 6:26 | 12:25 | 15:02 | 17:31 | 18:21 |
| 18 | 21 | جۈمە | 3:51 | 4:49 | 6:27 | 12:25 | 15:01 | 17:30 | 18:20 |
| 19 | 22 | شەنبە | 3:52 | 4:50 | 6:28 | 12:25 | 15:00 | 17:29 | 18:19 |
| 20 | 23 | يەكشەنبە | 3:53 | 4:51 | 6:29 | 12:25 | 14:59 | 17:28 | 18:18 |
| 21 | 24 | دۈشەنبە | 3:54 | 4:52 | 6:30 | 12:25 | 14:58 | 17:27 | 18:17 |
| 22 | 25 | سەيشەنبە | 3:55 | 4:53 | 6:31 | 12:25 | 14:57 | 17:26 | 18:16 |
| 23 | 26 | چارشەنبە | 3:56 | 4:54 | 6:32 | 12:25 | 14:56 | 17:25 | 18:15 |
| 24 | 27 | پەيشەنبە | 3:57 | 4:55 | 6:33 | 12:25 | 14:55 | 17:24 | 18:14 |
| 25 | 28 | جۈمە | 3:58 | 4:56 | 6:34 | 12:25 | 14:54 | 17:23 | 18:13 |
| 26 | 29 | شەنبە | 3:59 | 4:57 | 6:35 | 12:25 | 14:53 | 17:22 | قەدرى كېچىسى |
| 27 | 30 | يەكشەنبە | 4:00 | 4:58 | 6:36 | 12:25 | 14:52 | 17:21 | 18:11 |
| 28 | 31 | دۈشەنبە | 4:01 | 4:59 | 6:37 | 12:25 | 14:51 | 17:20 | 18:10 |
| 29 | 1—11 | سەيشەنبە | 4:02 | 5:00 | 6:38 | 12:25 | 14:50 | 17:19 | 18:09 |
| 30 | 2 | چارشەنبە | 4:03 | 5:01 | 6:39 | 12:25 | 14:49 | 17:18 | 18:08 |
| روزاھېيت | 3 | پەيشەنبە | 4:04 | 5:02 | 6:40 | 12:25 | 14:48 | 17:17 | 18:07 |

**ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر**

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1.خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قۇمۇل شەھىرى | 6 | 2.قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | بۇ جەدۋەلنى مۆھتەرەم ھاجى ئىشلىگەن | 5.غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 6.كورلا شەھىرى | 10 |
| | | 7.سانجى شەھىرى | 5 |
| | | 8.شىخەنزە شەھىرى | 3 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق مەتمىن ئابلا قارى.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى، بىر بۆلۈك ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى قارى ـ قارىيەلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



قىزلار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق نۇرىمان سۇلايمان قارىيە.



2 ـ لىككە ئېرىشكەن [illegible] شياۋلوڭ، فا سۇنفۇ، [illegible] مەمەت قارىلار.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرقىسىم مەسئۇللىرى شىنجاڭلىق قارى، قارىيەلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.



3 ـ لىككە ئېرىشكەن غېنى ئابلىكىم، مەتمىن سېيت، ۋاڭ يىچېڭ، لى جۈن قارىلار.



ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇھەممەتجان قارى (قازاق).



مۇسابىقە داۋامىدا، لياۋنىڭ ئۆلكىسى تېلىڭ شەھەر مەسچىتىنىڭ ئاياللار "ئائىشە مەۋلۇت ـ سەلاۋات ئۆمىكى" سەلاۋات ئېيتىپ بەردى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.



ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇھەجەر قارىيە.

---













① تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى.

② جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزگەن «يېڭى دەۋر ئاخۇنلىرى قوللانمىسى»نى تارقىتىش مۇراسىمى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

③ قەشقەر ۋىلايىتى رەھبەرلىرى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى قاتناشچىلىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.